«سادا» ژورنىلىنىڭ فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
يېڭى دەۋر تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە ئۇرغۇپ
چىققان قەلب سادالىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەكس
ئەتتۈرۈپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لەتىپ توختى

2009-يىل 12-ئىيۇن

《静述》是我系领导和教师指导下由系学生会主办的刊物。《静述》为学生提供了施展才华的平台，也是宣传我系的重要窗口。我衷心的希望《静述》办的越来越好，成为学生的良友。让我们一起努力！

艾力肯

2009年6月12日

# سادا

(ئىچكى ژۇرنال)

مەسلىھەتچىلەر: **لىتىپ توختى**

**ئەركىن ئابدۇللا**

يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار:

**ئابدۇرەئوپ پولات**

**ئىمام موللاخۇن**

باش مۇھەررىر:

**شۆھرەت ئابلا**

**ئۆمەرجان ئىسمائىل**

تەھرىر ھەيئىتى:

**شۆھرەت ئابلا، ئۆمەرجان ئىسمائىل، ئەلانۇر ئەسقەر،**
**دىلئارام ۋەلى، ئاينۇرقىز مۇھەممەدئىمىن، گۈلنار مىجىت،**
**قۇربانجان ۋاھاپ، مېھرىللا تەۋەككۈل**

كوررېكتور، تېخرېداكتور ۋە مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:

**شۆھرەت ئابلا**

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرتىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

# بۇ ساندا

## فاكۇلتېت ھەققىدە


فاكۇلتېت قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىدا سۆزلەنگەن سۆز.........................لەتىپ توختى 1

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مۇبارەك 1000 ـ يىلى . . . . . . . . . ئەركىن ئارىز 7


## ئۇستازلىرىمىز


ئۇستاز ــ ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكاني . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . مېھرىئاي ئوسمان 13


## ماقالىلەر


تۇيۇق ھەققىدە............. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .نۇرۇنگۈل مامۇت 20

تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا......مېھرۇللا تەۋەككۇل 24


## ئىزدىنىش ۋە نەتىجە


ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر. . . . . . . . . . . . . . . . . . . دىلئارام ۋەلى 26

ئەجداد ئىزىنى ئىزدەپ. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .رابىگۈل ھاجىمۇھەممەت 29


## ھېكايىلەر


ھۆكۈمەت. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .بۈمەرىيەم سۇلتان

31

ئايرىلىش. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .شۆھرەت ئابلا

33

ھويلىمىزدىكى ئۈجمە. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .تۇدىگۈل رەھىم

45

ئاتا ۋە ئوغۇل. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .مەرىيەمگۈل تۇرسۇن 19

ئاسياغا ساياھەت.......................................ئابلاجان 48

## نەسر

ئۆگىنىش ئېگى ـ نۇسرەتنىڭ تېگى...................ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي 50

ئانا تىلىم.............................................ئاينۇرقىز مەمتىمىن 52

## شېئىرىيەت باغچىسى

قەلب تۈيغۇلىرى...........................................ئابدۇمجىت جېلىل 53

ئېچىنىش...................................................ئاينۇر ياسىنجان 23

شادلىقنىڭ ئۆلۈمى.........................................مۇنەۋۋەر ئەخمەت 54

ئۈيغۇر ئىللەتلىرى..........................ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى 55

شېئىر ۋە شائىر..............................................قۇربانجان ۋاھاپ 56

ۋىجدانىمغا.......................................................توختىقارى نۇر 53

## ئاقىللار چايخانىسى

كۆڭۈلدىكى سۆز.........................................ئۆمەرجان، گۈلنار 58

## تەرجىمە ئەسەرلەر

ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ قىممىتى................................گۈلجەننەت ياسىن 76

بارىش مانچۇنىڭ جاۋابى........................................توختىگۈل 77

كەم ـ كۈتىسىز مۇھەببەت...................................ئەلانۇر ئەسقەر 78

«سوفى ئاللاھ يار» ھېكايەتلىرىدىن ئۈچ پارچە.....................نەبجان تۇردى 80

تۈنجى مۇھەببەت..........................................ئابدۇمجىت ئابدۇللا 57

## خەۋەرلەر

يىللىق قىسقا خەۋەرلەر..........................ئۆمەرجان، گۈلنار 83

*******************************************************************************************

مۇقاۋىدىكى (شادىيانە) ناملىق رەسىمنى 2007 ـ يىللىقتىن ئادىلەقىز سىزغان



# ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

فاكۇلتېت مۇدىرى: لىتىپ توختى

(2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، مېھمانلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار ھەممىڭلارغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھەربىرىڭلارنىڭ فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىغا كەلگەنلىكىڭلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

تۆۋەندە مەن فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان باسقان بەش يىللىق مۇساپىمىزنى يەتتە بۆلەككە بۆلۈپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## 1. ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بىزنى يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقى ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2004 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز فاكۇلتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ رەسمىي فاكۇلتېت بولۇپ قۇرۇلغان. 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بىز تەنتەنىلىك تەبرىكلەش مۇراسىمى ھەمدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ بىر تەرەپتىن، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە تۇنجى بولۇپ «ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى» دەپ نام ئالغان بۇ بىردىنبىر فاكۇلتېتنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىگەن بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتىكى ئىرادىمىز ۋە ئارمانلىرىمىزنى ئىپادىلىگەن ئىدۇق. يىغىنغا، تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى، دۆلەتلىك مىللەتلەر

ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ شىمىن قاتارلىق رەھبەرلەر قەدەم تەشرىپ قىلىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بەرگەن ۋە ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان ئىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بەش يىلغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، تەرەققىيات مۇساپىمىز قىسقا. ئەمما، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشى، پەن تەسىس قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز خېلى كۆرۈنەرلىك. بۇ بەش يىل شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ مۇستەقىل فاكۇلتېت بولۇپ قۇرۇلغانلىقى بىزگە يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى.

## 2. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى زورايدى، ئۇلارنىڭ ياش ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىدا يېڭىلىنىش بولدى

گەرچە فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا بەش يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ تەرەققىياتى 60يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ كەسىپ 1949 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىدا تەسىس قىلىنغان. 1951 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتوتى قۇرۇلۇپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەكتەپنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇ، قازاق، قىرغىز تىل ـ ئەدەبىيات كەسپلىرى بىلەن بىللە فاكۇلتېت بولۇپ قۇرۇلۇپ «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى 2 ـ فاكۇلتېتى»، «تۈرك تىل ـ مەدەنىيەت فاكۇلتېتى»، «ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ۋە دەسلەپكى تەرەققىيات ئاساسىنى يارىتىشتا لى سىن، خەمىت تۆمۈر، گېڭ شىمىن، خۇجىنخۋا، گاۋشىجى، تۇرسۇن ئايۇپ .....قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق ئالىملار ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى.

2004 ـ يىلى فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندا 14 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى. ھازىر 17نەپەر بولۇپ، ئىلگىرىكىدىن 2.1% ئاشتى. بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا پروفېسسورلار ئۈچ نەپەر، دوتسېنتلار ئىككى نەپەر، ئاسپىرانتلىقتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىدىكىلەر يەتتە نەپەر ئىدى. ھازىر بولسا، پروفېسسورلار ئۈچ نەپەر، دوتسېنت بىر نەپەر بولۇپ، ئاسپىرانتلىقتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 10 نەپەرگە كۆپەيدى. ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى، ھازىر ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ياش تەركىبىدە پەلەمپەيسىمان ھالەت شەكىللەندى.

## 3. ئوقۇغۇچى سانى سېجىل ئاشتى. جەمئىيەتكە نۇرغۇنلىغان يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلار يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى

ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى تەسىس قىلىنىپ يەنى 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1979 ـ يىلى ماگىستىر ئاسپىرانتلار، 1993 ـ يىلدىن باشلاپ دوكتور ئاسپىرانتلار قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغان. كەسپىمىزدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانىغا قارايدىغان بولساق، ئۆتكەن 60يىل ئىچىدە بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى مۇقىم بولمىدى. بەزى يىللىرى 15دىن 20گىچە، بەزى يىللىرى 25دىن 30غىچە بولۇپ ھەتتا بەزى يىللىرى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىغان. 2004 ـ يىلى فاكۇلتېتىمىز رەسمىي قۇرۇلغاندىن باشلاپ يىلىغا 40 نەپەر ئوقۇغۇچى مۇقىم

قوبۇل قىلىنىپ كەلدى. ئاسپىرانتلار سانىمۇ سىجىل ئاشماقتا. ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىشقا كەلسەك، 1979-يىلى ئاسپىرانت تەربىيىلەش نۇقتىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 2004-يىلىغا قەدەر جەمئىي 22نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيىلەندى. 1993-يىلدىن (مۇشۇ يىلى دوكتور تەربىيىلەش نۇقتىسى قۇرۇلغان) 2004-يىلغىچە ئىككى نەپەر دوكتور ئاسپىرانت ئوقۇغان. 2004-يىلى فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن 16نەپەر دوكتور قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، يىلىغا 3.2ئادەمدىن توغرا كېلىدۇ. 26نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ يىلىغا 5.4نەپەر بولغان. سېلىشتۇرۇپ قارىساق، پەرق ناھايىتى روشەن. ئەلۋەتتە، تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانت قوبۇل قىلىشتىكى بۇ پەرق بىر قانچە يىل مابەينىدە مەملىكەت خاراكتېرلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىنى كۆپەيتىش، غەربىي رايون ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش پىلانى قاتارلىق ھۆكۈمەت سىياسەتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىراق بۇنىڭدا يەنە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا فاكۇلتېتىمىز دوكتور ئاستىلار، ئالاھىدە تەربىيىلىنىدىغانلار، تەتقىقاتچىلار، بىلىم ئاشۇرىدىغانلار، سىرتتىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ۋە چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى داۋاملىق تەربىيىلەپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ سانى مۇقىم بولمىسىمۇ، ئەمما، سان جەھەتتىن ئېشىپ بارماقتا.

### 4. ئوقۇتۇش نەتىجىمىز كىشىنى خۇشال قىلىدۇ

1) مائارىپ ئىدىيىمىز ئىلمىيلىشىپ، پەنلەر قۇرۇلۇشى تەپەككۇرىمىز تېخىمۇ ئېنىقلاشتى.

بىز 2007-يىلى تولۇق كۇرس ئوقۇتۇشىنى باھالاش خىزمىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، مەكتىپىمىزنىڭ «ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش» تەك ئوقۇتۇش شوئارىنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات نىشانىمىزنى بەلگىلەپ چىقتۇق. مەسىلەن: بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن فاكۇلتېتىمىزنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇش سەۋىيىسى تەڭپۇڭ ئەمەس، تىل ئوقۇتۇشىدا كۈچلۈك، ئەدەبىياتتا ئاجىز بولۇپ كەلدۇق. فاكۇلتېتىمىز قەدىمكى تۈرك تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇرتىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى ئوقۇتۇشى ۋە يادىكارلىقلار تەتقىقاتىدا باشقىلاردىن كۈچلۈك. شۇڭلاشقا بىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئەۋزەللىكىمىزنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئاجىز تەرەپلىرىمىزنى باشقىلاردىن ئۆگىنىپ ۋە تولۇقلاپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە خىزمەت قىلىمىز.

2) ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرگەچكە، پەنلەر قۇرۇلۇشى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

(1) فاكۇلتېتىمىز 2007-يىلى تولۇق كۇرس ئوقۇتۇشىنى باھالاش خىزمىتىنىڭ تۈرتكىسىدە فاكۇلتېتىمىز تەسىس قىلغان 16زۆرۈر دەرسلىك لاياقەتلىك دەرسلەر قاتارىغا كىردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇرەئوپ مۇئەللىمنىڭ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى» بېيجىڭ شەھىرى بويىچە سەرخىل دەرسلىك قاتارىغا، مۇھەممەترەھىم مۇئەللىمنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى» ناملىق دەرس مەكتەپ دەرىجىلىك سەرخىل دەرسلىك قاتارىغا كىردى.

(2) ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى ياخشىلاش-فاكۇلتېتىمىز ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇسۇل. فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان نەشرىياتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۈچ قىسىم دەرسلىك تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسور لىتىپ توختىنىڭ «سۆز بىرىكمىسى قۇرۇلمىسىدىن ئەڭ ئاددىي لايىھەگىچە- ئالتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس قۇرۇلمىسى»

ناملىق دەرسلىك 2005 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرى ۋە مەكتەپ بويىچە ئوقۇتۇش نەتىجىسى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولدى. ئۇ يەنە، 2006 ـ يىلى شەرەپ بىلەن «باۋگاڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(3) ئۆزگىرىشچان، جانلىق ئوقۇتۇش شەكلىنى قوللاندۇق.

(4) ئەمەلىيەت ئوقۇتۇشى ھالقىلىرىنى چىڭ تۇتتۇق. فاكۇلتېتىمىز ئەمەلىيەت ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدا ئىلگىرلەش زور بولدى. مەسىلەن: بىز ئىلگىرىكى جانىسىز پراكتىكا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ بېيجىڭ مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى، ش ئۇ ئا ر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، رەسمىي ۋەتسكا ئېسىپ پراكتىكا بازىسى قۇردۇق. نەتىجىدە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانلارنىڭ پراكتىكا نەتىجىسى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى.

## 5. فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرى سان ۋەسۈپەت جەھەتتىن مەلۇم كۆلەمگە يەتتى

فاكۇلتېتىمىز پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) 2004 ـ يىلدىن تارتىپ نەشىر قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنغانلىرى:

ئىلمىي ماقالە 52پارچە، دەرسلىك ئۈچ قىسىم، يازغان كىتاب يەتتە دانە، تەرجىمە ئەسەر 14.

2) فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچىلىرى (2008 ـ 2004) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا 36 ئادەم قېتىم قاتناشتى. (تەپسىلىي ستاتىستىكا بەت ئېھتىياجى بىلەن قالدۇرۇلدى)

## 6. فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى ياخشىلاندى

فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆگىنىش ئىستىلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيتىلىپ، ئاڭلىق مائارىپچىلاردىن بولدى. ھەر يىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاشتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ رازى بولۇشى 85 نومۇردىن تۆۋەنلەپ كەتمىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئورنىنى قىزغىن سۆيۈش روھىنى ئىپادىلىدى.

2) فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلۇپ باشقۇرۇش قوشۇنى يەنىمۇ بىر قەدەم كۈچەيتىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «بەش قاراش» تەربىيىسى ئاكتىپ رول ئوينىدى ۋە ئۆگىنىش كەيپىياتى يۇقىرىلىدى. مىسال ئالساق: فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ھاراق ئىچىپ جېدەللىشىش، كوللېكتىپ ئۇرۇشۇش قاتارلىق كۆڭۈلسىز ئىشلارغا خاتىمە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش رىقابەت ئېڭى ئېشىپ، ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا فاكۇلتېتىمىزدىن 283ئادەم قېتىم ھەردەرىجىلىك ئوقۇتۇش مۇكاپاتى ۋە ياردەم پۇللىرىغا ئېرىشتى. ھەرقايسى سىنىپلار كۆپ قېتىم «ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى»، «ئوندا ياخشى سىنىپ كوللېكتىپى»، «قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى يەنە خور ئېيتىش مۇسابىقىسى، ئېنگلىزچە ۋە خەنزۇچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ھەر تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، مەدەنىيەتلىك ياتاق باھالاش قاتارلىق پائالىيەتلەردە جەمئىي 16قېتىم كوللېكتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3) فاكۇلتېتىمىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئۆگىنىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئېسىمدە قېلىشچە، بىز ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز فاكۇلتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، رەھبەرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىدە ئەنسىرىگەن ئىدى. ئەمما، فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان قوبۇل قىلىنغان تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئەمەلىيەتتە باشقا تاق تىللىق فاكۇلتېتلارنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ بولدى. فاكۇلتېتىمىزغا كېلىپ دەرس ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبىمۇ باشقا تاق تىللىق فاكۇلتېتلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. فاكۇلتېتىمىز مەكتەپكە يۈزلەندۇرگەن تاللانما دەرسلىكلەرنى تاللىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ مىللەت تەركىبى كۆپ بولدى. دېمەك، ئۇنداق ئەنسىرەشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

4) فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، 10نەپەر ئوقۇغۇچى ئېنگلىز تىلى 6 ـ دەرىجە ئىمتىھانىدىن، 65نەپەر ئوقۇغۇچى ئېنگلىز تىلى 4 ـ دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتتى. بۇ بىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگىچە ئېنگلىز تىلى ئىككىنچى دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ بولۇش تەلىپىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا زور خۇشاللىنارلىق بىر ئىش.

5) فاكۇلتېتىمىز 2005 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى «كومىسسىيىسىز ئىمتىھان» نى قوبۇل قىلىپ، فاكۇلتېتىمىزنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىدى.

## 7. خەلقئارالىق ئىلمىي ئالماشتۇرۇش بارغانسېرى جانلاندى

فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بىزنىڭ خەلقئارا ئالماشتۇرۇشىمىز كۆپەيدى. بىز تەكلىپ قىلىش ۋە ئەۋەتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، خەلقئارا بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنى يېقىنلاشتۇرۇۋاتىمىز.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، زور مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلىرىمىز چەتئەللەردە ساقلانغان بولۇپ، بىر قىسىملىرى چەتئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان. ئەگەر بىز «دۇنياۋى سەۋىيىدىكى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى» قۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم بۇ قولىيازمىلارنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا. ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق دۆلەت ۋە مىللەتلەر بار. شۇڭا بىز ئۇلار بىلەن ياخشى ئالاقە ئورنىتىپ، ئۆز ـ ئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق ئالغا بېسىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن كونكرېت خىزمەتلىرىمىز تۆۋەندىكىچە:

1) فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، كانادا، يېڭى زېلاندىيە، ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەردىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن داڭلىق ئالىملار10 ئادەم قېتىمغا يېتىپ ئۇلار فاكۇلتېتىمىزدا ئۇزاق مۇددەتلىك دەرس سۆزلىدى ۋە بىز بىلەن بىرلىكتە تەتقىقات تېمىلىرىنى تاماملىدى.

2)فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، يەتتە ئادەم قېتىم چەتئەللىك ئالىملارنى لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدۇق.

3) فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچىلىرى گېرمانىيە، تۈركىيە، شىۋېتسىيە، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

4) مائارىپ مىنىستىرلىكى بىرلەشمە تەربىيىلەش پىلانىنىڭ ئىقتىساد ياردىمى بىلەن فاكۇلتېتىمىزدىن

گېرمانىيە، گوللاندىيە، تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇۋېدىغان ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويغان مۇستەقىل فاكۇلتېت قۇرۇش تەلىپىمىز ئەسلى توغرا بولغان، بىز ئەمدى شۇ چاغدا بەرگەن ۋەدىمىزنى ۋە كۆڭۈلگە پۈككەن غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتىمىز.

يۇقىرىدا مەن پەقەت بىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىلا سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئەمەلىيەتتە خىزمەتلىرىمىزدە يېتەرسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس.

قىسقىسى بۇ بىزنىڭ ئۈزۈن سەپىرىمىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىلا خالاس. بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇساپىمىز تېخىمۇ مۇشەققەت ئەمما شەرەپلىكتۇر. فاكۇلتېتىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇندىن كېيىنكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلىرىمىز بىلەن جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشىمىز!

كۆپچىلىككە رەھمەت!



# ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مۇبارەك 1000 ـ يىلى

ـ ‹مەھمۇد كاشغەريي يىلى›غا بېغىشلانغان ئەسەر
«مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەريي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

ئەركىن ئارىز



2008 ـ يىلى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن ئاچچىق ھەسرەت ۋە گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان ئۇنتۇلغۇسىز بىر يىل بولدى. مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسى ۋېنچۇەن رايونىدا يۈز بەرگەن ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتى مىڭلارچە ۋەتەنداشنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى قايغۇ ـ ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق قىلدى؛ دۆلىتىمىز "29 ـ قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى"نى دۇنيا ئولىمپىك تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى جاھان ئەھلى ئالدىدا چەكسىز ئىپتىخارلاندۇردى ۋە ئەسىرلىك مۇرادىغا يەتكۈزدى؛ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ب د ت م پ م ئورگىنى دەپ ئېلىندى) 11 ـ ئەسىردە ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر رايونىدا يېتىشكەن بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەريي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2008 ـ يىلىنى "مەھمۇد كاشغەريي يىلى"دەپ ئېلان قىلدى.

بىزدە، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي بىلەن ئۇنىڭ ئابىدە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مۇبارەك نامىنى بىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك. لېكىن، بۇ بۈيۈك ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى، بولۇپمۇ تىل تارىخىمىزدىكى ئەھمىيىتىنى بىلىدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك...

2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە "مەھمۇد كاشغەريي يىلى"نى خاتىرىلەش ئۈچۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى جەمئىيىتى بېيجىڭدا بىرلىكتە "مەھمۇد كاشغەريي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"نى ئۆتكۈزدى. تۈركىيە تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن

ئەپەندى مەخسۇس مۇشۇ پائالىيەتكە بېغىشلاپ «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» ناملىق بىر ئالمىباپ ئەسەر يېزىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى. بۇ ئەسەردە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى، بولۇپمۇ تىل تارىخىمىزدىكى ئەھمىيىتى ھەققىدەناھايىتى ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۇ داغدۇغىلىق پائالىيەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇش ۋە ئەسەرنىڭ روياپقا چىقىش جەريانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

بۈيۈك تۈركولوگ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىباھا ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق مىراسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان مەملىكىتىمىز جۇڭگودا تەتقىق قىلىنىپلا قالماستىن، تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان قاتارلىق تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ ئاز كەم بىر ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل تەتقىق قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا، رۇسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگىلىيە، ۋېنگىرىيە، گوللاندىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەر نەشر قىلىنغان.

بۇ ئەللەرنىڭ ئىچىدە تۈركىيىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر قوليازمىسى 1914 ـ يىلى تۈركىيىدە تېپىلغان؛ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۇنجى بولۇپ تۈركىيىدە مەتبەدە بېسىلىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشتۈرۈلگەن، تۇنجى بولۇپ تۈركىيە تۈركچىسىدە تولۇق تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان؛ تېپىلغان كۈندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ئاز كەم 100 يىل مابەينىدە تۈركىيىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە 800 گە يېقىن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنغان، ئوتتۇزغا يېقىن (ماگىستېرلىق ۋە دوكتورلۇق) دېسسېرتاتسىيە ياقلانغان، يىگىرمىدىن ئارتۇق مەخسۇس كىتاب يېزىلغان. ئەڭ مۇھىمى، تۈركىيە يەنە ب د ت م پ م ئورگىنىغا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2008 ـ يىلنى ”مەھمۇد كاشغەرىي يىلى“قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى سۇنۇپ، ئالىمنىڭ دۇنيا مىقياسىدا خاتىرىلىنىشىگە ۋە دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئىككىنچى قېتىم «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى تەتقىق قىلىش دولقۇنىنىڭ قوزغىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2008 ـ يىلنى”مەھمۇد كاشغەرىي يىلى ” قىلىپ خاتىرىلەش ۋە بۇ ھەقتە ب د ت م پ م ئورگىنىغا تەكلىپ لايىھەسى سۇنۇش پىكرىنى تۇنجى بولۇپ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، پروفېسسور، دوكتور مۇستافا ئىسەن ئوتتۇرىغا قويغان. مۇستافا ئىسەن 2003 ـ يىلدىن 2007 ـ يىلغىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىك مىنىستىرلىقىدا مۇئاۋىن مىنىستىر (Müsteşar) لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇ ”مەھمۇد كاشغەرىي يىلى“ ھەققىدىكى تەشەببۇسىنى شۇ مەزگىلدە پىلانلاشقا باشلىغان ۋە بۇ خىزمەتنى ئۆزى بىۋاستە تۇتۇپ ئىشلىگەن. 2007 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا ئىزچىل

كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن.

مۇستافا ئىسەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2007 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىك مىنىستىرلىقى ب د ت م پ م ئورگىنىغا 2008 ـ يىلنى " مەھمۇد كاشغەري يىلى" قىلىپ خاتىرىلەش توغرىسىدا رەسمىي تەكلىپ لايىھەسى سۇنغان. ب د ت م پ م ئورگىنى 2007 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئېچىلغان 34 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قارار ماقۇللاپ، 2008 ـ ۋە 2009 ـ يىلنى مەھمۇد كاشغەري باشلىق 67 ئالىمنىڭ خاتىرە يىلى قىلىپ بېكىتكەن ۋە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنى مول مەزمۇنلۇق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشكە چاقىرغان. ب د ت م پ م ئورگىنىنىڭ بۇ قارارى مەھمۇد ئەۋلادلىرىنى، جۇملىدىن جاھان تۈركولوگلىرىنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇناسىۋەتلىك ئەللەردە مەھمۇد كاشغەري ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى چۆرىدىگەن ھالدا تۈرلۈك ئىلمىي ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى باشلىنىپ كەتتى.

2007 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۈركىيە تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور، دوكتور شۇكرۇ خالۇك ئاكالىن بىزگە " مەھمۇد كاشغەري يىلى" توغرىسىدىكى خۇشخەۋەرنى تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزدى. بىزمۇ بۇ كاتتا خۇشخەۋەردىن ئالەمچە سۆيۈندۇق. بىزنىڭ تەلىپىمىزگە ئاساسەن، ئاكالىن ئەپەندى ئۆزۈن ئۆتمەي 2008 ـ يىلى تۈركىيەدە " مەھمۇد كاشغەري يىلى"غا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئىلمىي پائالىيەتلەرگە دائىر بىر مەكتۇپ بىلەن ب د ت م پ م ئورگىنىنىڭ"مەھمۇد كاشغەري يىلى " توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى ئەۋەتىپ بەردى.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر، تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە كەسپداشلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھبەرلىكى ب د ت م پ م ئورگىنىنىڭ"مەھمۇد كاشغەري يىلى "توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال يىغىن ئېچىپ، " مەھمۇد كاشغەري يىلى"نى قانداق خاتىرىلەشنى مۇزاكىرە قىلدۇق ۋە بىردەك تۆۋەندىكىچە تونۇش ھاسىل قىلدۇق:

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مەملىكىتىمىزدە، ھەتتا دۇنيادا "ئۇيغۇر"نامى بىلەن ئاتالغان بىردىنبىر فاكۇلتېت. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شەنىگە بېغىشلانغان"مەھمۇد كاشغەري يىلى "نى ئۇنىڭ دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى مەڭگۈلۈك شانۇ شۆھرىتىگە يارىشا ئىلمىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق خاتىرىلەش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىزدۇر. مەھمۇد كاشغەري ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر رايونىدا يېتىشكەن بۈيۈك ئالىم. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە ئەڭ كاتتا تەنتەنە بىلەن خاتىرىلىنىشى كېرەك. مىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ب د ت م پ م ئورگىنىغا 2008 ـ يىلنى"مەھمۇد كاشغەري يىلى "قىلىپ خاتېرىلەش ھەققىدە تەكلىپ سۇنغان تۈركىيە بىلەن بىرلىكتە خەلقئارالىق بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەھمۇد كاشغەري ۋە "دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك"ھەققىدىكى تەتقىقاتقا تۈرتكە بولۇش.

2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىز بۇ ئويىمىزنى تۈركىيە تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شۇكرۇ خالۇك ئاكالىن ئەپەندىگە بىلدۈردۇق. ئاكالىن ئەپەندى بۇنداق بولسا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ

مۇشۇنداق ئويدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى ۋە 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ نامىدىن ئالاقە ئەۋەتىپ، 2008 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا بىرلىكتە "مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى" ئۇيۇشتۇرۇش تەكلىپىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. بىز بۇ تەكلىپنى ئالغاندىن كېيىن، 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا تۈركىيە بىلەن بىرلىكتە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە "دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك "نى تېما قىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش ھەققىدە دوكلات سۇندۇق. بىزنىڭ دوكلادىمىز مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەيلا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا بۇ ھەقتە دوكلات يوللىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلادىمىز يۇقۇرى دەرىجىلىك تارماقلارغا يوللانغان مەزگىل دەل سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنچۇەن رايونىدا ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن كۈنلەرگە توغرا كەلدى. بۇ كۈنلەردە دۆلىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاتلانغان بولۇپ، مەركەزدىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگىچە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ئاپەت رايونىغا مەركەزلەشكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن دۆلىتىمىزنىڭ ساھىپخانلىقىدا 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان "29 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى"غا ئىككى ئايدىن كۆپرەكلا ۋاقىت قالغان بولۇپ، دۇنيا تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ بۇ كاتتا مەرىكىسىنىڭ ئاخىرقى تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن دۆلىتىمىزدە 2008 ـ يىلى ئېچىلماقچى بولغان باشقا نۇرغۇن خەلقئارالىق يىغىن ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى يا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان يا بولمىسا كېيىنكى يىللارغا كېچىكتۈرۈلگەنىدى. لېكىن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى "مەھمۇد كاشغەرىي يىلى"نىڭ ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىزنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش توغرىسىدىكى دوكلادىمىزنى تەستىقلىدى ۋە يىغىننى ياخشى ئېچىش توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. يىغىننىڭ تەستىقلىنىشى بىزنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى.

يۇقىرىنىڭ تەستىقى كەلگەن ھامان، يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جىددىي باشلاپ كەتتۇق. 2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈركىيە تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن بىلەن تۈركىيە تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئەلى كاراجالى يىغىنغا دائىر كونكرېت ئىشلارنى يۈز تۇرانە سۆزلىشىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس جۇڭگوغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر ھەپتىلىك زىيارىتى جەريانىدا، يىغىننى ئۇيۇشتۇرغۇچى تەرەپلەر ئارىسىدا يىغىنغا دائىر كونكرېت مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كېلىشىمنامە ئىمزالاندى. كېلىشىمنامىدە يىغىننىڭ كونكرېت ۋاقتى، كۈنتەرتىپى بېكىتىلدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىش تەقسىماتى بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندى فاكۇلتېتىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ "مەھمۇد كاشغەرىي يىلى" بېغىشلاپ يېزىۋاتقان «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» ناملىق كىتابىغا دائىر بىر لېكسىيە بەردى ۋە لېكسىيىسىنىڭ ئاخىرىدا، مەزكۇر كىتابنى 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان "مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"غا ئۈلگۈرتىپ نەشر قىلدۇرىدىغانلىقىنى، يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا

ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قورۇسى رەڭگا رەڭ گۈللەر بىلەن ئالاھىدە بېزەلگەن بولۇپ، مۇھىم بىنالار بىلەن ئاساسلىق كوچىلارغا خەنزۇ ۋە تۈرك تىلىدا ‟مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ غەلبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!” دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىلار ئېسىلغانىدى. مەكتىۋىمىزنىڭ مەركەز بىناسىغا جايلاشقان 500 كىشىلىك مۇزىكا زالى جۇڭگو، تۈركىيە، گېرمانىيە، ئەزەربەيجان، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن يىغىن ۋەكىللىرى بىلەن يارىشىملىق مىللىي كىيىملىرىنى كىيگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا لىق تولغانىدى. سائەت 9:00 دا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ‟مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى”نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، 120 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. ۋەكىللەر ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئابىدە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى چۆرىدىگەن ھالدا 110 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى.

‟مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى” توغرىسىدىكى تۇنجى دوكلادىمىز 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سۇنۇلغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ يىغىن ئېچىلغىچە بولغان ئاز كەم 10 ئاي جەريانىدا، بىز مەركەزدىكى ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق پېشقەدەم رەھبەرلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتۇق. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى ئەپەندى بىزنى ئالاھىدە قوللاپ، مىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان بۇ ئەھمىيەتلىك يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە يۇقىرىقى رەھبەرلىرىمىزگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

بىز يەنە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتوتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور ۋېن رىخۇەن ئەپەندى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تەۋەككۇل تىلىۋالدى ئەپەندى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ‟985 قۇرۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات بازىسى”نىڭ باشلىقى، پروفېسسور دەي چىڭشيا ئەپەندىلەرگىمۇ ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇلارمۇ يىغىنىمىزنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىدى.

بىز بۇ يەردە يەنە يىغىنىنىڭ ئاخىرقى تەييارلىق باسقۇچىدا، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك بىزگە ھەم ـ دەمدە بولغان فاكۇلتېتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلارغا، ئاسپىرانتلارغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەخمەت ئېيتىمىز. ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بولغاچقىلا يىغىنىنىڭ بارلىق پروگراملىرى كۆڭۈلدىكىدەك تاماملانغانىدى.

‟مەھمۇد كاشغەرىي يىلى”غا بېغىشلانغان «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» ناملىق ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنالىغانلىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز. ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە، تۈركچە ئەسلىي نۇسخىسىدا قوللىنىلغان تۈرك

ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيە سىستېمىسى ساقلاپ قېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، كىتابنىڭ تۈركچە ئەسلىي نۇسخىسىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن ئېلىنغان نەقىللەر «دىۋان»نىڭ بەسىم ئاتالاي تەرىپىدىن قىلىنغان تۈركچە تەرجىمىسىدىن ئېلىنغانىكەن، بىزمۇ تەرجىمىدە بۇ قىسىملارنى «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالدۇق.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمىدە دىققىتىمىزدىن قاچقان خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنداق خاتالىقلارنى ئايتورغا ئەمەس، تەرجىمانغا مەنسۇپ، دەپ قارىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە بۇ ھەقتىكى سەمىمىي تەنقىد ـ پىكىرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

*******************************************************************

ئىزاھات:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى مەھمۇد كاشغەرىي باشلىق 67 ئالىمنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 2008 ـ ۋە 2009 ـ يىلىنى ئۇلارنىڭ خاتىرە يىلى قىلىپ بېكىتكەن.

**Teres, Ersin., *Kaşgârlı Mahmut ve Divânu Luğâti't_Türk Üzerine Bir Bibliyografya Denemesi,* Ürün Yayınları, İstanbul,** 2008

ئەرسىن تەرەسىنىڭ يۇقىرىقى كىتابىدىن قارىغاندا، دۇنيا بويىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە ئەڭ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان دۆلەت ـــ تۈركىيەدۇر.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بىردىنبىر قولىيازمىسى 1914 ـ يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە تېپىلغاندىن كېيىن، دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدە بىرىنچى قېتىم «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى تەتقىق قىلىش دولقۇنى قوزغالغانىدى.

"**Müsteşar**" سۆزى ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدا "مەسلىھەتچى"دېگەن مەنىدىن باشقا، "مىنىستىرلىق ياكى ئەلچىخانىلاردا مىنىستىر ياكى باش ئەلچىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار"دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. تۈركىيىنىڭ ھۆكۈمەت سىستېمىسىدا مىنىستىرلار پەقەتلا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ مىنىستىرلىقلاردىكى ۋەكىلى بولۇپ، كۈندىلىك مەمۇرىيەت ئىشلىرى **Müsteşar** تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا مەزكۇر سۆز ئۇيغۇر تىلىغا ئادەتتە كونتېكىستقا ئاساسەن "مۇئاۋىن مىنىستىر"ياكى "مۇئاۋىن باش ئەلچى"دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىك مىنىستىرلىقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنىغا مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2008 ـ يىلىنى "مەھمۇد كاشغەرىي يىلى"؛ كاتىپ چەلەبىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 400 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2009 ـ يىلىنى "كاتىپ چەلەبىي يىلى"قىلىپ خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ئىككى تەكلىپ لايىھەسى سۇنغان.

"مەھمۇد كاشغەرىي يىلى"مۇناسىۋىتى بىلەن، تۈركمەنىستان، تۈركىيە، جۇڭگو، سىپرۇس، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەخسۇس خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە تۈركىيىدىلا تۆت قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.



# ئۇستاز ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي

مېھرىئاي ئوسمان (2005)

ئۇستازىمىز ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي 1950-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى مەدەنىيىتىمىزنىڭ قەدىمىي ئاستانىسى بولغان قەشقەرنىڭ يۇملاق شەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1966-يىلى 7-ئايدا، قەشقەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مۇناسىۋىتى بىلەن، 1966-يىلى 10-ئايدىن 1972-يىلى 7-ئايغىچە يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالغان. بۇ جەرياندا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلىنىش ئىستىكىدە، ئۆگىنىشنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. 1972-يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1975-يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغانلىقتىن، ئۆز مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان ۋاقتى ئۇنىڭ بىلىم دېڭىزىدىكى غەۋۋاسلىقىنىڭ باشلانغان دەۋرى بولغان.

1978-يىلى 3-ئايدىن 1982-يىلى 7-ئايغىچە بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. 1984-يىلى 4-ئايدىن 1985-يىلى 10-ئايغىچە ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، باغدات، كۇفە، نەجەف ۋە كەربالا قاتارلىق شەھەرلەردە، ئېلىمىز مۇتەخەسسىسلىرىگە تەرجىمان بولۇپ، ئەرەب تىلى بويىچە پراكتىكا قىلغان. 1986-يىلدىن 1988-يىلغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پارس تىلى ئۆگەنگەن. 1996-يىلى 10-ئايدىن 1997-يىلى 7-ئايغىچە زىيارەتچى ئالىم سالاھىيىتى بىلەن مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب ئەدەبىياتى بويىچە؛ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام دىنى ئاساسلىرى (ئۇسۇلۇددىن) بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1997-يىلى 10-ئايدىن 2002-يىلى 4-ئايغىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-تارىخ-جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شېۋىلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى فاكۇلتېتىدا چاغاتاي تۈركىي تىل ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇق ئاسپىرانتى بولۇپ ئوقۇغان. بۇ جەرياندا، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»، «ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلق ئەدەبىياتى»، «شەرقىي جەنۇبىي ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك شېۋىلىرى گىرامماتىكىسى» (پېئىل ۋە مورفولوگىيە قىسمى)، «تۈرك دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى تىل تەتقىقات ئەھۋالى»، «تۈرك شېۋىلىرى تەتقىقاتىدىكى رېئال مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش يوللىرى» ۋە «مەتنشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەتقىقاتىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى پەللىسى ئۈچۈن ئۇل سالغان.

ئۇ قىرىق يەتتە يېشىدا چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ،

بەش يىل مۇشەققەتلىك ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 2002-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى «مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخى ھەمىدىي› ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق تېزىس (دىسسېرتاتسىيە ئەسىرى)نى ياقلاپ تۈركىيە، تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىملاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش كومىتېتىنىڭ قايىللىق تەستىقىدىن ئۆتۈپ، تۈركولوگىيە كلاسسىك مەتىنشۇناسلىقى (تېكىستشۇناسلىق) كەسپى بويىچە «ئەدەبىيات دوكتورى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، 2002-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملىق ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇ 1975-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغاندىن باشلاپ، ئاتاقلىق تىلشۇناس، مەرھۇم پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى جەھەتلەردىن چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى باشلىغان.

«ئالىي مائارىپ ساھەسىدە يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇش-ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى ۋە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ پەقەت چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولغىلى بولىدۇ» دەپ قارايدىغان بۇ مېھنەتكار ئۇستازىمىز «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى»، «تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «نەۋائىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتى»، «تۈرك تىلى»، «ئەرەب تىلى» قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلىگەن.

ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى داۋامىدا، 1986-يىلى لېكتورلۇق، 1992-يىلى دوتسېنتلىق، 2004-يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1992-يىلدىن باشلاپ ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولۇپ، ھازىرغىچە يەتتە نەپەر ماگىستىر تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. 2007-يىلى دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان.

ھالال ئەمگەك، تىرىشچانلىق ھامان ھەممىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىقى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغان. 1991-يىلى «بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالانغان؛ 1995-يىلى مەملىكەتلىك «باۋگاڭ مائارىپ فوندى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى» بولۇپ باھالانغان. ئۇ 25 يىلدىن بۇيان ئىزچىل سۆزلەپ كەلگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەرسى 2006-يىلى «بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك سەرخىل دەرس» بولۇپ باھالانغان.

جاپاكەش ئۇستازىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرىنى ھەرگىزمۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەنلا خۇلاسىلەشكە بولمايدۇ. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە، يەنە فاكۇلتېت ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

پروفېسسور، دوكتور ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇتقۇچى، مۇنبەردىن چۈشسىلا تىرىشچان ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تولۇقلاپ، تويۇندۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان. ئۇ خۇددى «پەخىرلەن، كەسپىدىشىم سەن ھەم...» ناملىق

ماقالىسىدە «مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. چۈنكى ئوقۇتقۇچى ياش ئەۋلادلارغا ئىلىم ـ پەن ئۆگىتىپ، ئۇلارنى زىيالىي، يەنى دىلى ئىلىم چىرىغى بىلەن يورۇغان ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان كەسىپ. شۇڭا مەن ئىۋىلايمەنكى، مەدەنىي ئىنسانلار دۇنياسىدا، ياش ئەۋلادلارغا، بىلمىسىز ئادەملەرگە بىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئوقۇتقۇچى ـ مۇئەللىملىك كەسپىنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە بىر ئەۋزەل كەسىپ يوقتۇر ... ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ـ ئىنسانىي بىلىم ساھەسىدە بىر ئىزدا توختاپ قالماي، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە، يېڭىدىن يېڭى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلىملىرى بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇتۇپ، داۋاملىق توپۇندۇرۇپ تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان كەسىپ» دەپ يازغىنىدەك، نەچچە ئون يىللار مابەينىدە ئۆز بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ۋە بېيىتىپ، ئۆزىگە شاگىرت بولغان ياشلارنىڭ بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن شام كەبى يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھايات تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان، ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە ئۆگەنگەنلىرىگە قانائەت قىلماي، ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

مەلۇمكى، تارىختا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسى كۈچىيىپ بارغان. شۇ سەۋەبلىك ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. ھەتتا ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ھەر ساھە ئالىملىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدى. بۇ ھال بۈگۈنكى زامانىدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىياتى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەتتە يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەرەب ۋە پارس تىلىنى ئۆگەندى ۋە شۇ ئارقىلىق، ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئىقبالى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلىدى. ئالىي مائارىپتا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىم ھاسىل قىلىش ۋە چەتئەلنىڭ ئىلغار تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆز تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تۈركىيىدە بەش يىل ئوقۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى. داڭلىق ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئىسلام دىنى ئاساسلىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى، شۇنداقلا ئەرەب ئەدەبىياتى بىلىملىرى بويىچە بىلىم ئاشۇردى. مانا مۇشۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، 14 يىل ۋاقتىنى يەنە ئوقۇشقا سەرپ قىلغان. بۇ خېلى ـ خېلى ئادەملەر يېتەلمەيدىغان پەللىدۇر.

ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكى يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇتۇش ئۈچۈن سۈپەتلىك، سەرخىل دەرسلىك بولۇشى لازىم. ئۇ بۇ ساھەدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى سىڭدۈردى. ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىن، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» دەرسلىرىنى ئۆتۈش داۋامىدا،

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى مۇكەممەل تەتقىق قىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە پروفېسسور خەمت تۆمۈر ئەپەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلىغان. نەۋائىينىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق كىتابىنى نەشرگە تەييارلاپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

مەرھۇم خەمت تۆمۈر ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە، مەملىكىتىمىزدە تۇنجى، ئاشكارا نەشر قىلىنغان دەرسلىك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابى «چاغاتاي تىلى» نى يېزىپ چىققان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. بۇ كىتاب ئېلىمىزدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان تۇنجى خاس ئەسەر بولۇش بىلەن بىرگە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچە بېرىدىغان دەرسلىك بولدى. بۇ كىتاب بەزى ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلدى. شۇ شارائىت بىلەن، مەزكۇر «چاغاتاي تىلى» 1989 ـ يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پەن تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ 1993 ـ يىلى، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» (323 بەتلىك) ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ «چاغاتاي تىلى دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» غا ئوخشاش، ئىلگىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان

23پارچە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. دوكتور ئابدۇرەشىد ياقۇپ بۇ كىتاب ھەققىدە: «ئىلمىي ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەتقىقات يۈرگۈزگەن بۇ كىتابتا، بايان قىلىنغان مەسىلىلەر پاكىت بىلەن تويۇنۇپ تۇرىدۇ. بايانلارنىڭ نەزەرىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇش بىلەنلا قالماي، نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئىلمىي قىممەت ۋە ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە... (بۇ) توپلام تۈركولوگىيە، خۇسۇسەن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم بىر تۆھپە» («تىل ۋە تەرجىمە» ـ 1995 يىللىق 5 ـ سان 37 ـ ، 40 ـ بەت) دەپ باھا يازغان. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ساھەسىدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر يورۇتۇلغان قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەر بولۇپ قالدى.

ئۇستازىمىزنىڭ يەنە بىر يىرىك ئەمگىكى «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسى» (بۇ كىتاب 1995 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر تۇنجى نۆۋەتلىك كىتاب باھالاش پائالىيىتىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولغان؛ 1996 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر خاس ئەسەر مۇكاپاتىغا، 1997 ـ يىلى مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار بويىچە مەملىكەتلىك 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) دېگەن كىتابى بولۇپ، 1994 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب مۇقەددىمە، 10 باب بايان ۋە خاتىمەدىن تۈزۈلگەن، مەملىكىتىمىز تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسىگە بېغىشلانغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە

ئوقۇتۇشىدا تۆھپىكار ئەمگەكلەرنىڭ يەنە بىرى ـ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (598بەتلىك) ناملىق كىتابىنىڭ نەشىر قىلىنىشىدۇر. پروفېسسور، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي بۇ كىتابنى ئاز كەم 30 يىللىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان. تەتقىقاتچىلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان كىتابخانلارنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىپ چىققان بۇ كىتاب، ئېلىمىزدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ كىتابتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ 14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئالتە يۈز نەچچە يىللىق تەرەققىياتى، ئۆزگىرىش جەريانلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان بېرىلگەن.

ئۇنىڭ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» ناملىق كىتابى نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، ئالىي مائارىپ ساھەسىدە، تەتقىقات ئىشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا بولغان تونۇشنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، شۇ كىتابىنىڭ «گىرامماتىكا» قىسمىنى تېخىمۇ تولۇقلاش، كەڭرەك شەرھلەش، زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» (665 بەتلىك) ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. 2007 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان بۇ كىتاب بىيجىڭ مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن «2006 ـ يىللىق بىيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك سەرخىل دەرس» بولۇپ باھالانغان. بۇ خاس ئەسەر كۈنىمىزدە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاچقان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەرسىنىڭ خاس دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىلماقتا. ئالىمنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇشبۇ كىتاب «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان»دا بېرىلگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»نىڭ ئاددىي ھالدىكى كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن پۈتۈنلىمە ۋە تولۇقلىما نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ئۇستازىمىز ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي 30 يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ مۇشەققەتنى راھەت ھېس قىلىدىغان ئالىي خىسلىتى، مىننەتسىز مېھنەتلىرى ۋە تەمەسىز ئەمگەكلىرى بىلەن، ھاردىم ـ چارچىدىم دېمەستىن ئىزچىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن مۇپەسسەل بايان»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەمەلىيەتتە، ئېلىمىزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى (مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىن 1953 ـ يىلغىچە) نى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ مۇساپىسىنى، تەتقىقات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نامايەندە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇستازىمىزنىڭ ئەدەبىي، ئىجتىمائىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋاقتىلىرىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى دېيىشكە بولىدۇ. 1972 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىمۇ يۈكسىلىش بولغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى 1983 ـ يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئالايلۇق، «كور خېرىدار» («تارىم» 1983 ـ يىلى 1 ـ سان)، «قۇلاق» («ئىلى دەرياسى» 1983 ـ يىلى 1 ـ سان)،

«ھەسەت» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 ـ يىلى 2 ـ سان)، «گۈلزارلىقتا» («شىنجاڭ ياشلىرى» 1983 ـ يىلى 7 ـ سان ... ( قاتارلىق ھېكايە ۋە نەسرلىرى ئەينى چاغلاردا كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە نەچچە ئون پارچە ھېكايە، نەسر ۋە ئوبزور ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلىمى «كور خېرىدار» 1989 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، 2001 ـ يىلى قايتا بېسىلغان. بۇ كىتاب ئۆزگىچە بەدىئىي دىت، پىششىق بەدىئىي تىل، مۇكەممەل قۇرۇلمىسى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز گەرچە كېيىنكى چاغلاردا، تىل تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، ئىمكان بار قىسقا نەسر ۋە يوبىلىستىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنىمۇ نامايەن قىلىپ كەلدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ «پەخىرلەن كەسپىدىشىم سەن ھەم ...»، «مۇئەللىم»، «ئوقۇغۇچى»، «ئانا تىل قەسىدىسى»، «رادىل ئابلا تەڭلىمىسى ۋە ئۇيغۇر تۈرمۇش پەلسەپىسى»، «پەخىرلەن ئوغلۇڭدىن مەھمۇد ۋەتىنى» (دوكتور كۆرەش ئىبراھىمنى تونۇشتۇرۇش)، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» (دوكتور ئابدۇرەشىد ياقۇپنى تونۇشتۇرۇش) «كاشغەرىي يىلى بۇ، پەخىرلەن ئۇيغۇر!» ناملىق تەلقىنلىق نەسرى، «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم»... قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئىلىم يولىدا بىر ئۆمۈر قان ـ تەرىنى تۆككەن، ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن ھارماي ئىزدەنگەن، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ھېكمەت نۇرلىرىنى ئايىماي چاچقان جاپاكەش ئۇستازىمىز ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكاني بىزنىڭ ئىلىم يولىدىكى باشچىمىز بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز!

مېھنەتكەش ئۇستاز! بىزدە بار سىزگە ئېھتىياج؛ مەرىپەت ئېگىلەش يولىدىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچى سىزدەك مۇئەللىم، يول باشچىغا مۇھتاج. ئىلىم ئۈرۈقلىرىڭىزنى، ئالىي خىسلەتلىرىڭىزنى بۇ يولدىكى چاڭقىغان قەلبلەردىن ئايىمىغايسىز؛ سىز بىزنىڭ پەخرىمىز، ھارمىغايسىز!

## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا بەت سانى چەكلىمىسى ۋە ۋاقىت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ناۋىر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق. شۇڭا ئاپتورلاردىن سەممىي كەچۈرۈم سورايمىز. ئەسىرى ئېلان قىلىنمىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كېيىنكى سانغا بېرىشىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ناۋىر ئەسەرلىرى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: سادا ژۇرنىلى تەھرىراتى




گۇگۇم ۋاقتى.

باغلىق بىر ھويلا. كەڭ سۇپىلىق پېشايۋاندا، ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا كىتابتىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇ گاھىدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خىيالغا پاتسا، گاھىدا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرەتتى. گاھىدا قەلەمنى كىتىر ـ كىتىر قىلىپ، دادىسى تۈنۈگۈن بازاردىن ئېلىپ بەرگەن قارا تاشلىق خاتىرىسىگە ئاللىنېمىلەرنىدۇر يېزىپ كېتەتتى. ئوغلىنىڭ قېتىرقىنىپ كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دادىسى ئوغلىغا قاراپ تولىمۇ سۆيۈندى. بىر خىل شاتلىق تۈيغۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قاپلاپ، كەلگۈسىدە ئوغلىنىڭ قۇچقان شان ـ شەرەپ، مۇۋاپپەقىيەتلىرى كۆز ئالدىدا جىلۋىلەنگەندەك بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

ـ دادا، دادا، سەن قايسى يىلى تۇغۇلغان؟ سېنىڭ مۆچىلىڭ نېمە؟ ـ ئوغۇل جىددى ئاھاڭدا سورىدى.

دادا ئوغلىنىڭ بۇ سوئالىدىن تەئەججۇپ ھېس قىلدى.

ـ يولۋاس يىلى تۇغۇلغان، ـ دېدى دادا.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئوغۇلنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

ـ نې ........نې .....نېمىشقا يىلان يىلى تۇغۇلمىغان؟

ـ ھە!؟

ـ سەن يىلان يىلى تۇغۇلغان بولساڭ ياخشى بولار ئىكەن، بۇ كىتابتا دېيىلىشىچە، يىلان يىلىدا تۇغۇلغانلار پەرزەنتىگە قەرىز قالدۇرماي ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

دادا نېمە دېيىشنى بىلمەي تۈرۈپ قالدى، ئوغلىنىڭ ئاشۇ سۆزى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا ـ قايتا جاراڭلاپ ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى.

# تۇيۇق ھەققىدە

نۇرۇنگۈل مامۇت (2008-يىللىق ئاسپىرانتى)

**ئاساسىي مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قەدىمىي شەكىللەرنىڭ بىرى بولغان تۇيۇقنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۈنىلىشى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر شېئىرىيىتى؛ تۇيۇق؛ قاپىيە؛ شەكىلداش سۆز

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تۈمەن ئەجداد قەلەمكەشلەرنىڭ ماھىلاي تەرىدىن بەرپا بولغان گۈزەل باغۇ-بوستانغا، ئۇنىڭ تۈرلۈك شېئىرىي شەكىللىرىنى ئۆزگىچە رەڭ، ئۆزگىچە تۈس-سىياق ۋە ئۆزگىچە خۇشپۇراققا ئىگە گۈللەرگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. تۇيۇق ئەنە شۇ جەننەت سىياق باغدىكى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان، خاس خۇشبۇيىدىن كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان قار لەيلىسىدۇر.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت كىتابلاردا تۇيۇققا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «تۇيۇق - خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە تۈزۈلگەن تۆت مىسرالىق مۇستەقىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ، مۇختەملات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قاپىيىسى ئۈچۈن شەكلى ئوخشاش، مەنىسى باشقا-باشقا بولغان شەكىلداش سۆزلەر پايدىلىنىلىدۇ.»

تۇيۇق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ قەدىمكى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرى. كلاسسىكلىرىمىزدىن ئەلىشىر بىننى غىياسىدىن نەۋائىي پاساھەت بابىدا كامالەتكە يەتكەن شېئىرلارنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە تۇيۇق ژانىرى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق توختالغان. ئۇ تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ۋە تۈركىي تىلنىڭ قايسى جەھەتلەردە پارس تىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا تۇيۇق ژانىرىنى مىسال ئالغان. يەنى «تەجنىس (ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىش سەنئىتى) ۋە ئىيھام (ئىككى بىسلىق سۆزلەردىن پايدىلىنىش سەنئىتى) دىن پايدىلىنىش شائىر ئەدىبلەر ئىچىدە ناھايىتى ئومۇمىي بىر ئەھۋال. شېئىرغا ئالاھىدە رەڭ بېرىدىغان بۇ خىل سۆز سەنئىتى ئۈچۈن پارس تىلىغا قارىغاندا تۈركىي تىلدا ئىمكانىيەت تېخىمۇ كۆپ. «ئات» سۆزىنى بىرىنچىدىن، «نام» مەنىسىدە، ئىككىنچىدىن، «مىنىدىغان ئات» مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن، تاشنى ياكى ئوقنى ئېتىشقا بۇيرۇغاندىكى «ئات» مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ» دەپ تۆۋەندىكى تۇيۇقنى ئىسپات تەرىقىسىدە مىسال ئالغان.

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ بەگىم،
سۈرئەت ئىچرە دەۋ ئەرۇر ئاتىڭ بەگىم.
ھەر خەدەنگكىم ئۇلۇس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بەگىم.

نەۋائىي يەنە «بۇنى پەقەت تۈركىي شائىرلارلا يازالايدۇكى، سارتلار يازالمايدۇ. بۇ خىل شېئىر شەكلى تۇيۇق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئارۇز توغرىسىدىكى «مىزانۇل ئەۋزان»ناملىق كىتابتا چۈشەنچە بېرىلگەن» دېگەن. بىز نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدىن تۇيۇق ژانىرىنىڭ تۈركىي شېئىرىيىتىگە خاس شەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى شۇنداقلا تۇيۇق ژانىرىنىڭ ئەسلى ئارۇز

ۋەزندە يېزىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

نەۋائىي ئۆز ئەسىرىدە مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇيۇقتا ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن شەكىلداش سۆزلەرنى مىسال كەلتۈرگەن ۋە شەرھلىگەن. بۇ شەكىلداش سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى بولسا ئاللىبۇرۇن ئىستېمالدىن قالغان.

قاپىيە شېئىرنىڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. خۇددى يۇقىرىدىكى تەبىردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۇيۇقنىڭ قاپىيىلىرى شەكىلداش سۆزلەردىن تەشكىل قىلىنىدۇ. ئادەتتە **BABA** ، **AAAA** ، **AABA** قاپىيە شەكىللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھازىرقى زاماندا يېزىلغان تۇيۇقتىن مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى:

چۆلدە قالسامۇ نەھاجەت ئات ماڭا،
سىڭدى مەجنۇن دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ
ئوق قىلىپ كىرپىكىڭنى ئات ماڭا.

ــ تېيىپجان ئېلىيوف «تاللانغان شېئىرلار»

تۇيۇقتا قاپىيىداش بولۇپ كەلگەن سۆزلەر گراماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا شەكىلداش سۆزلەر بولۇپ، تۇيۇقتا شائىرلار ئەنە شۇنداق شەكىلداش سۆزلەردىن پايدىلىنىدۇ. يۇقىرىقى تۇيۇق ئادەتتە تۇيۇقنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكلى بولغان **AABA** شەكلىدە قاپىيىلىنىپ كەلگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلانغان رادىف ‹ماڭا› نىڭ ئالدىدىكى ‹ئات› سۆزى شەكىلداش سۆز بولۇپ، بىرىنچى مىسرادا مىنىدىغان ئات (ھايۋان) دېگەن مەنىدە، ئىككىنچى مىسرادا ئادەمنىڭ ئىسمى دېگەن مەنىدە، ئۈچىنچى مىسرادا نەرسىنى يىراققا چۆرۈش دېگەن مەنىدە كەلگەن.

بىر تىلدىكى شەكىلداش سۆزلەر تەسەۋۋۇرى قاناتلانغان شائىرلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاچقا، يەنە تۈرلەنگەن سۆزلەردىن ۋە مىسرالاردا ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن سۆزلەردىنمۇ ناھايىتى گۈزەل تۇيۇقلار يارىتىلغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كۆرۈۋالالايمىز:

مېنى يانجىپ قىلسا كۆل دەرد تۆگمىنى،
تاشلىما يار ياغلىقىڭغا تۆگ مېنى.
بۇ تۆگۈك كېيىنگە ئوخشاپ قالمىسۇن،
ئىزمە ئاچقىن ھەم قاداپ قوي تۆگمىنى.

ــ تېيىپجان ئېلىيوف «تاللانغان شېئىرلار»

شائىر «تۆگمە، تۆگمەن» سۆزلىرىنى تەۋەلىك ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەپ، «تۆگ» پېئىلىنى «مېنى» تولدۇرغۇچىسى بىلەن قاتار كەلتۈرۈپ رادىف سۆزى «تۆگمىنى» نى ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ گۈزەل تۇيۇقنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

تۇيۇقنىڭ ئاھاڭدارلىقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ باشقا شېئىرىي شەكىللەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ تۇيۇقنىڭ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. تۇيۇقتا مىسرا ئارقىسىدا شەكىلداش سۆزلەر يەنى، ئوقۇلۇشى يېزىلىشى ئوخشاش بولغان سۆزلەر كېلىدىغان بولغاچقا، مۇزىكىدارلىقى كۈچلۈك، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق، ھېسسىيات ئىپادىلىشى تېخىمۇ بىۋاستە بولۇپ كىتابخانلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياخشى يېزىلغان تۇيۇق شائىرنىڭ شېئىرىي تالانتىنى نامايەن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. تۆۋەندىكى تۇيۇق بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئالمىنى سۇندى نىگارىم ‹ئال› دېدى،
ئالما بىرلە بۇ كۆڭۈلنى ئالدىدى،
مەن سورىسام ئالمىسىنىڭ رەڭگىنى،
نە سورارسەن ئالما رەڭگى ‹ئال› دېدى.

ئەلۋەتتە، تۇيۇقنىڭ يەنە بەزى «يېتەرسىز» تەرەپلىرى بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم. نېگىزىدىن ئېيتقاندا بۇ «يېتەرسىز» لىكنى تۇيۇققا دۆڭگەپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. دېمەكچىمىزكى، بىر تىلدىكى شەكىلداش سۆزلەر چەكلىك، ئوخشاش سۆزگە ئوخشىمىغان شېئىرىي ھېسسىياتنى يۈكلەش شائىرلاردىن باي تىلغا ۋە زور بەدىئىي تالانتقا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا رەڭگى، پۇرىقى ياخشى بولغان، ئوخشىغان تۇيۇقلارنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوف، مەمتىلى زۇنۇن، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن، مەخمۇتجان ئىسلام، مۇختار خېلىل قاتارلىق پېشقان شائىرلارنىڭ قەلىمىدىن كۆرەلەيمىز. بۇنداق ئەھۋال تۇيۇقلارنىڭ ئاز ۋە ساز بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

يەنە بىر قىسىم شائىرلارنىڭ تۇيۇق يازغانلىقى ياكى يېزىشقا ئۇرۇنغانلىقى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار يازغان تۇيۇقلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىنقى ئىككى مىسرا بىلەن كېيىنكى ئىككى مىسرا قاپىيە ئېھتىياجى ئۈچۈن زورمۇزور قوشۇپ قويۇلغان بولسا، بەزىلىرى شەكىلداش سۆزلەرنى قاپىيە قىلماي ئوخشاش بىر سۆزنىڭ بىر نەچچە سۆز بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم بىرىككەن ھالىتىنى، يەنە بەزىلىرى بولسا كۆچمە مەنىلىك سۆزلەرنى قاپىيە ئورنىدا قوللىنىشتىن خالىي بولالمىغان. تۆۋەندىكى شېئىرغا قاراپ باقايلى:

ئۇ يىگىت كەلدى ئىشكنى ئاچ دېدى،
بەر ۋىسالىڭدىن تائام، مەن ئاچ دېدى.
پېتىنالماي قىز ئىشكنى ئاچقىلى،
ساڭا مۇشكۇل ماڭا كىرسە ئاچ دېدى.

بۇ تۇيۇق **AABA** شەكىلدە قاپىيىلەنگەن بولۇپ، «ئاچ» سۆزى بىرىنچى مىسرادا ئىشكنى ئېچىش مەنىسىدە، ئىككىنچى مىسرادا ئاچ قورساق مەنىسىدە، تۆتىنچى مىسراسىدا خەقنىڭ ئىچى كىرىپ قالماق مەنىسىدە كەلگەن، قارىماققا ئۈچ دانە ئاچ سۆزى شەكىلداش سۆزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا باشقا تۇيۇقلارغا قويغان قاتتىق تەلەپنى قويغىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۆتۈرۈلگەن يېڭىچە شېئىر پىكىر ئېقىمى ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى شېئىرلارغا، بولۇپمۇ تۇيۇققا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ كىشىنى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال قىلىۋېتىدىغان تۇيۇقلار ئەمدى ئاساسەن ئۇچرىماس بولۇپ قالدى.

ئاتالمىش «گۇڭگا شېئىر»، «ئەركىن شېئىر»... لارنى كۆتۈرۈپ چىققان يېڭى شېئىرىيەت ۋەكىللىرى بولمىش ئاۋانگارت شائىرلار رىتىم، تۇراق، قاپىيە چەكلىمىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، «بىۋاستە ئىنسان ئېڭىغا ھۇجۇم قىلىش» نى تەشەببۇس قىلىپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بەلگىلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدىن بىراقلا يوقاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى شېئىر يېزىش يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاڭ پائالىيىتى بولۇپ، ھېسسىياتنى ئەڭ بىۋاستە ئىپادىلىشى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇلار بۇخىل شەكىلداش سۆزنى قاپىيە قىلىشتىن ئىبارەت ئادەتتىكى قاپىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق بولغان چەكلىمە ئالدىدا بۇ خىل شەكىلنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى ياكى بەك ياقتۇرۇپ كەتمىدى. ئۇلاردىن ۋە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ قويۇپ شېئىر يازدىم دەۋالغانلاردىن (ئۇلارنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ) تۇيۇق تاما قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە.

مۇشۇنداق شارائىتتا، خۇددى زۇنۇن قادىرنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۇيغۇر دىرامچىلىقى بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ قالغىنىدەك، پېشقەدەم شائىرلارنىڭ ئالەمىي

باقىيغا سەپەر قىلىشى بىلەن تۆيۇق شېئىرىي شەكلىمۇ كىرىزىسكە دۇچ كەلدىمۇ قانداق دەپ ئۆزىمىزدىن سوراپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ۋىجدانىمىز بىلەن ئېيتساق «شۇنداق» دەپ جاۋاپ بېرىمىز. ھەم نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر شېئىرىيەت بېغىدىكى بۇ خۇشپۇراق گۈلنى پەرۋىش قىلىش، ئاينىتىش، ئېچىلدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئۇمىدىنى زامانىمىزنىڭ شائىرلىرى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى شۇنداقلا كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە قالدۇرىمىز.

# ئېچىنىش

ئاينۇر ياسنجان (2008-يىللىق ئاسپىرانتى)

بالىلىقىم كېتىپتۇ ئۇزاپ،
كىرىپتىمەن ئون سەككىز ياشقا.
نېمە دەيتتىم، دېيەلەيتتىم ھەم،
يىل ئاتالغان بۇ باغرى تاشقا.

ئون سەككىز قىش، ئون سەككىز باھار،
ئۆتتۈپ كەتتى قالدۇرمايلا ئىز.
پۇشايمانغا ئەمدى ئورۇن يوق،
يىل قەدىمى نېمە دېگەن تېز.

بۇ باھارنى بەرگەن سېخى يىل،
چاچىدۇ ھەم قىراۋ چېچىمغا.
ئۆمرۈم بويى قانچە قېتىملاپ،
زىمىستانلار كېلەر بېشىمغا.



# تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا

مېھرۇللا تەۋەككۇل (2008)

ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا زور ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە جامائەت ئەربابى، شائىر تېيىپجان ئېلىيوف 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا يېڭى ھايات ۋە پارلاق كېلەچەكنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى سۈپىتىدە «شەرق ناخشىسى»، «تىنچلىق ناخشىسى»، «ۋەتىنىمنى سۆيىمەن»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» قاتارلىق ئېسىل ئىجادىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئوتلۇق يۈرىكىدە تېپىرلاۋاتقان ئۇلۇغۋار ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆيگۈسىنى شائىرانە مۇقەددەس روھ بىلەن يالقۇن كەبى ئىپادىلەپ بەرگەن.

تۆۋەندە مەن تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى، شائىرنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق ئەسىرىنى تۇتقا قىلغان ئاساستا تەھلىل قىلىپ ئۆتىمەن.

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئاپتور شېئىردا ۋەتەننى قىزغىن مەدھىيىلەپ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرى چىن، سەممىي قايناق ھېسسىياتقا تولغان، بۇ ھېسسىيات تۈپتۈز ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى چوڭقۇر مەنىلىك، ئەگرى ـ توقاي ۋە دولقۇنسىمان ئىپادىلەنگەن، بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە شائىر شېئىرنىڭ ئالدىنقى مىسرالىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئانىجان تۇغقان ئېلىم جۇڭگو ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.
شۇ قىزىل دەۋرىم، زامانىم، شەۋكىتىم، شانىم مېنىڭ،
ئىپتىخارىم شۇ زامانغا كۈيچىمەن، سازەندىمەن.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن شائىرنىڭ قايناق مەدھىيە ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىيىتىدىكى ئەڭ تېپىك مەركىزىي ھېسسىياتى ۋە ئىدىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ھاياجانلىق، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات ئىچىدە ئانا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ھوزۇرلۇق ھېسسىيات بىلەن دولقۇنلۇق ۋە جانلىق تەسۋىرلەيدۇ.

شائىر شېئىردا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ۋەتەن قوينىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا بولغان مەدھىيە ۋە سۆيۈشلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق قەلبىدىكى چەكسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كىتابخانلارغا نامايەن قىلىدۇ. مەسىلەن شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،

چۆلدە يۈرسەم ئۆزۈمنى سىزىمەن گۈلشەندىمەن.

سۇلىرى ئابىهايات، كەۋسەر ئاشا تۇرسا خۇمار،

نە ئۈچۈن مۇھتاج بولۇپ، خۇشتار بولاي زەمزەمگىمەن.

شائىر يەنە ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى گۈزەل شېئىرىي تىل، قۇدرەتلىك مەنىۋىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن باي تۇرمۇش تەسىراتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنى توغرىسىدىكى لىرىك مۇھاكىمىگە ئايلاندۇرغان.

مىسالەن:

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،

ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كەيسەم كۈلاھۇ جەندىمەن.

راھىتى تۇرماق مۇشەققەت پەيتىمۇ راھەت ماڭا ،

داتلىسام راھەت ئىچىدە قان قۇسۇپ ئۆلمەمدىمەن؟

بۇ مىسرالار كىتابخانلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ۋەتىنىمىز پۇقراسى بولغىنىدەك ئېپتىخار ـ غۇرۇرىنى كۈچەيتىدۇ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، كىتابخانلار ۋەتەنگە بارلىقنى تەقدىم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى گۈزەل، يىقىملىق ھەم ئوبرازلىق. شائىر شېئىرىدا خەلقىنىڭ ساپ، جانلىق تىلىنى ئىشلىتىپ سەرخىل سۆزلەرنى تاللاپ، ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

مىسالەن:

بەختىيارمەن «مېھرىبان ئوغلۇم» دېدى مېنى ئانام،

تاپقۇدەكمەن مۇندىن ئارتۇق قايسى بەختنى ئەمدى مەن.

بىر ئۆمۈر قويىندا تەر تۆكسەم ئۇنى قىلسام رىزا،

نە ئىمىشتۇر بىر ئۆمۈر، مىليون ئۆمۈر خۇرسەندىمەن.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن كۆرەلەيمىزكى، شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك ھەم ئاممىباب بولۇپ ئىنتايىن زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

شائىرنىڭ شېئىرىدىكى، جۈملىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرىنىڭ يەنە بىر ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شېئىرنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇلىشى بولۇپ، شېئىر يەنىلا قايناق ھېسسىيات، مول بەخت كەيپىياتى ئىچىدە چەكسىز سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن ھاياجانلىق ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، ۋەتەننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز مەۋجۇتلۇقى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. يەنى:

يۈكلىگىن يۈكنى ئانا مەن تاڭ شۇرۇلغان تۇلپىرىڭ،

سەن ئۈچۈن يۈكلەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمگىمەن.

بار ئۈچۈن سەن مەنمۇ بار، سەنسىز ھاياتىم يوق مېنىڭ،

چۈنكى مەن سىنىڭ بىلەن بىر جاندىمەن، بىر تەندىمەن.

دېمەككى، بىز ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف ئەسەرلىرىدىكى ئىنسانىيەت مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇھەببىتىنى ۋەتەننىڭ مۇھەببەتلىك قويىندىكى شائىرغا بولغان ئالىي ئېھتىراملىق ھۆرمەت تۇيغۇمىز بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ گەۋدىلىك ۋە روشەن ھېس قىلالايمىز.



# ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە توسالغۇ ئامىللار

**دىلئارام ۋەلى (2006)**

دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).

ـ خەلق ماقالى

«ئۆگىنىش مۇھىم، ئەمما ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممىسى ئەمەس، ئۆگىنىشنىمۇ بويسۇندۇرالمىغان كىشى قانداقمۇ ياخشى ياشيالىسۇن؟!» بۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى بىر جۈملە ئەقلىيە.

بىز ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر قايسى مىللەتلەر رىقابەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بەيگىدە، دەل ئۆگىنىش مەسىلىسىدە ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە ئۆزىمىزدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى خىلمۇخىل توسالغۇلارغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. يۇقىرىدىكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا ،ئۆگىنىشنى بويسۇندۇرالمايۋاتىمىز، ياخشى ياشاش قەدىمىمىز ئالغا ماڭالمايۋاتىدۇ.ئەلۋەتتە، ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئورنىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مەردانە ياشاشنىڭ قەدەم باسقۇچى ئۆزىمىزدىكى مەسىلىنى ئىزدەشتىن باشلىنىدۇ. بىزدىكى مەسىلىلەر تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

1.پىسخىكىلىق ئامىل

كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرى سىرتىنىڭ غىدىقلىنىشىنى كۇتۇپ تۇرىدىغان، غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىنلا ھەرىكەتكە كېلىدىغان پارتلاش خاراكتېرلىك (سەرەڭگە قېپى بىلەن سەرەڭگىنىڭ خۇسۇسىيىتى) بولۇپ، بۇنداق خاراكتېر ئۇلارنى نۇرغۇن ئىشلاردا پاسسىپ ھالەتنى ساقلايدىغان ئورۇنغا مۇپتىلا قىلغان. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، تاما ـ تاما كۆل تولۇش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردا ئانچە كۆرۈلمەيدۇ.ئۇلار دائىم بىر غىدىقلىنىش (بۇيرۇق، بېسىم، مەجبۇرلاش، ھەيدەش، ئىمتىھان) نى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ.

2. ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە تارىخ ئىچىدە ياشاش

ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇپ شىمالىدىن كەلگەن ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن كۆپ ئارقىدا ۋە قالاق يېزا ئىگىلىكىدىن چىقىپ بولالمىغاچقا، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئارىلاشما رايونلىرىدىكى تەبىئىي سېلىشتۇرمىسىدا ئۇلار ئاسانلا ئۆزىنى كەمسىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىسە، ئەلۋەتتە، باشقىلارمۇ ئۇ كىشىنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. ئاجىز ئادەملەر ئاسانلا تۇتقۇسىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە، بۇيەردە ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىش، ئۆزىنى باشقىلارغا كەمسىتكۈزۈش، ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىشتەك يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ناچار تۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار چىقىش يولى ئىزدەپ تارىخقا قارايدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، تارىختا ئالىملىرىمىز نام قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار «داڭلىق ئالىملار كىم؟» دېگەندە «مەھمۇد كاشغەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ»

دەپ سانىشىدۇ. (ئالىملىرىمىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!) ئۇلار كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن قېچىش، بېشىغا ياستۇق قىلىش ئۈچۈن تارىختىن پەخىرلىنىدۇ! زامان بەرگەن پەخىرلەنگەنلەر ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قاچىدۇ. ئىسىم ساناشنى بىلىدۇ، مەزمۇننى بىلمەيدۇ.

3. ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق

ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ئىشەنچلىك بولغانلىق. قالاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە نامرات تۇرمۇش ئۇيغۇر باللارغا ۋاقىتنى چىڭ سىقىمداپ تۇتۇشنى ئەمەس، كەيىنگە سۈرۈشنى تامغا قىلىپ باسقان. بەش، ئون مىنۇت ۋاقىت ئۇلارغا ھېچنەرسە ئەمەس. ئۇلار ھەمىشە ئۆز ئوبرازىنى ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىققا تېگىشىۋېتىدۇ.

4. باھانە ئىزدەش

ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا باھانە ئىزدەش ئۇدۇم بولۇپ قالغان. كۆرۈنەرلىك مەسىلە شۇكى، جىق باللار خەنزۇچىسىنىڭ ناچارلىقىنى تۇتقا قىلىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىككە،جاپا تارتماسلىققا، ئىش قىلماسلىققا باھانە ئىزدەيدۇ.

5. ماددىي ئېھتىياجنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋېلىش

ئېھتىياجنىڭ قاتلاملىق تەلىماتى بويىچە، ئىنسانلار ماددىي ئېھتىياجنى ئەڭ ئاۋۋال قاندۇرۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى يوللۇق ھېس قىلىمىز. ئەمما مەۋجۇت ئەھۋال شۇكى، كىيىم ـ كېچەككە پۇل خەجلەش ئۇلارنى خۇشاللاندۇرىدۇ، كىتاب سېتىۋېلىش قورسىقىنى ئاغرىتىدۇ. تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال. ئۇلارنىڭ كىيىدىغان چىرايلىق كىيىمى بار، ئوقۇيدىغان سەرخىل كىتابى يوق.

6. تەپەككۇر ئاددىي ۋە تەسەۋۋۇر بوغۇلغان بولۇش

تۆۋەندىكىسى ئالىي مەكتەپ 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىمتىھان ئالدىدىكى تەسەۋۋۇرى: ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى چىڭ تاقاپ، جىم ئولتۇرۇۋېلىپ ئوقۇتقۇچىنى كىرگۈزمەسلىك؛ ئوقۇتقۇچىلار چىقىدىغان لېفىتنى توختىتىپ قويۇش، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى 11 ـ قەۋەتكە پىيادە چىقالماسمىش، ئىمتىھاننى ئالماسمىش. بۇ ئويىنىڭ قانداقلىقىغا باھانە بېرىپ بولدىڭىز.

7. بىلىم قىزغىنلىقى

بۇ ناتوغرا رىقابەتلىشىشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى ئاشكارىلاشنى ۋە كىتابلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈشنى خالىمايدۇ، قەلىمىنى، ئاۋازىنى ئىشقا سېلىپ بىلىم مۇنازىرىسى قىلىشمايدۇ، بىلىمنى يوشۇرۇپ، ئىشلىتىشكە ئايايدۇ.

8. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئۇنتۇش

مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئېرىشكەن ياردەمگە مىننەتدارلىقنىڭ قايتىشى ئەقەللىي ئىش ئىدى. ئەمما مېنىڭ، سېنىڭ دېيىشمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا كوللېكتىپ ئاساس، شەخس قوشۇمچە تۇيۇلىدۇ. بۇ قاراش يەككە شەخسلەرنىڭ ياردىمىنى سېزىش ئىقتىدارىنى يۇتۇپ كەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي، روھىي نامراتلىق كەلتۈرگەن ئاچچىقلىق ئۇلارغا رەھمەت دېيىشكە ئىمكان بەرمىسە كېرەك. بىر جۈملە سۆز: ئالغۇچە بىسمىللاھ، بەرگۈچە ئەستاغپۇرۇللاھ.

9. ناخشا ـ مۇزىكىنى كۆپ ئاڭلاش

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ياشلار قاتلىمىغا تەۋە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قەلبى ئويناق. ئەسلىدىنلا بار بولغان

هاياجانلىق كۆپ ئاڭلىنىدىغان ناخشىلارغا قوشۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن. بىر تەرەپ شۇكى، ئۇيغۇر زامانىۋى ناخشا تېكىستلىرى كۆپىنچە ئېچىنىدىغان، قايغۇرىدىغان، ئۆزىدىن ۋايىم يەيدىغان مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۇرگەن. مۇزىكىلار ئاسانلا ئادەمنى كونترول قىلىپ قالىدۇ، ئۇلار دائىم ئېچىنىشلىق، مىسكىن مۇزىكىلارغا ئەگىشىپ، يوق ئىشلارغا ئېچىنىپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكۈسى كېلىدۇ.

10. مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلالماسلىق

جەمئىيەتتىكى ئالاقە ئۆزئارا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ـ ئۆگىنىش. شۇڭا ماس ھالدا ئۆگىنىش ئالاقىسى بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش مۇناسىۋىتىنى قىز ـ ئوغۇل مۇناسىۋىتىگە بۇرايدۇ ۋە پىتنە تاپىدۇ. نەتىجىدە، ئىلغار ئۆگىنىش ئۇسۇللىرى، نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يوللىرى چەكلىنىدۇ ياكى خاتا چۈشىنىلىدۇ.

11. ھەممىنى تەڭ قىلىش

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى يالغۇز ئىش قىلىشتىن قورقىدۇ، بىر ھەمراھى بولسا، يۈرەكلىك بولالايدۇ. مۇستەقىللىق ۋە ئۆزى قارار چىقىرىش ئېڭى ئاجىزلاپ كەتكەن. نەتىجىدە، كوللېكتىپ ئىش بېجىرىش ئومۇمى ئېقىم بولۇپ «سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا ؟» بولۇپ، ئات ئاچ قورساق قالىدىغان ئىش بولۇپ قالغان.

12. ساياھەت قىلماسلىق ۋە بەدەن چېنىقتۇرماسلىق

ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن، جەمئىيەتتىن، ھەرىكەتتىن ئالىدىغان گۈزەللىكى، چۈشەنچىسى ئۆز مەكتىپى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالغان. ئاجىز تەنىنىڭ كېسەلگە قارشىلىقمۇ ئاجىز بولىدۇ، ئاز كۆرگەن كۆپ تېڭىرقايدۇ.

13. سەۋرسىزلىك ۋە ئاسان ئاچچىقلىنىش

ئاچچىقلىنىش ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشتىن كۆپ ئاددىي ۋە ئاسان بولسا كېرەك. ئاددىي ۋە ئاسانلىقنى قوغلىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار بۇ ئۇسۇلنى ياقتۇرسا كېرەك. ئەمما ئادەم غەزەپلەنگەندە، ئاسانلا ئەقلىدىن ئازىدۇ.

14. بۇرۇن ئۇخلىماسلىق، كېيىن تۇرۇش

جىمجىت كېچە تەسەۋۋۇرنى ئويغىتىدۇ. ئەمما بەزى ئوقۇغۇچىلار كەچتىكى ئېسىل تەسەۋۋۇر ۋاقتىنى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ئارام ئېلىشى ئىنتايىن تەرتىپسىز.

15. ئۆزىنىڭ پىكرى بار تۇرۇقلۇق، يوللۇق سورۇندا پىكىر بايان قىلماسلىق، توغرىسى، بايان قىلالماسلىق

بۇنىڭ بىلەن تونۇش، چۈشىنىش، تونۇتۇش كەمچىل بولۇپ، ئوڭۇشسىزلىق ھېس قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

ياخشى باشلىنىش ـ يېرىم غەلىبە. كېيىنكى ئىش بايقالغان مەسىلىنى تۈزىتىش، ياخشىلاش، يوقىتىش ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىرىشماققا، ئىشلىمەككە ئېھتىياجى بار. ئويلايلى، ئىشلەيلى ۋە ئىشلەيلى، ئويلايلى. ئاندىن توسالغۇلارنى يېڭىپ، ياخشى ياشىيالايمىز.



دۇنيا كاشغەربي يىلىنىڭ بەرىكەتلىك ئىيۇل ئايلىرى بىزدە ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. 24 ـ ئىيۇل مەن تەقەززارلىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىرى يېتىپ كەلدى. سالام ئەزىزانە قەشقەر!

ئەقلىمنى بىلگەن چاغلىرىمدىن باشلاپ بوۋام ـ موماملىرىدىن، ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئاغزىدىن سېنىڭ تەرىپىڭنى تالاي قېتىملاپ ئاڭلىغان، سېنىڭ باغرىڭدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە يېزىلغان رومانلارنى سۆيۈپ ئوقۇغان ئىدىم. مانا بۈگۈن سېنىڭ پەخىرلىك ئوغلانىڭ، بۇندىن مىڭ يىل مۇقەددەم سەندە تۇغۇلۇپ ۋە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم بوۋام مەھمۇد كاشىغەربي تەۋەللۇتىنىڭ 1000يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن مۇقەددەس ماكانىنى تاۋاپ قىلغىلى، سېنىڭ جەننەت كەبى باغلىرىڭنى، ھەيۋەت تاغلىرىڭنى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم.

ئايىقىم قەشقەر تۇپرىقىغا تەگكەندىكى ھاياجانلىق تۇيغۇمنى ھېلىھەممۇ تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. مانا كۆز ئالدىمدا قەشقەرنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تارىخىنىڭ تىرىك شاھىدى بولغان ھېيتگاھ جامەسى. بۇ ھەيۋەت جامە خۇددى ماڭا ئۆزى گۇۋاھ بولغان قەشقەرنىڭ نەچچە يۈز يىل مابەينىدىكى تارىخىنى، ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغاندەك ئىللىق نەزەردە باقتى.

ھېيتگاھ مۇنارىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. زامانىۋى بىنالار بىلەن ھۆسن تالىشىپ سودا قايناۋاتقان رەستە ـ كوچىلار، ئۇندا كېتىۋاتقان دوپپىلىق، ياغلىقلىق ئادەملەر توپى.

25 ـ ئىيۇل. قەشقەردە تۇنجى سەھەر، بىز ئۇستازىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالىم بوۋىمىزنىڭ مەقبەرىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئاۋات شەھەر يوللىرىنى، كەڭ سايلىقلارنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ ئوپالغا

يېتىپ كەلدۇق. مېھماندوست كىشىلەرنىڭ بەرىكەتلىك داستىخانلىرى دىلىمىزنى سۆيۈندۈردى. مەقبەرە دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمىزدە بىزنى كۈتۈۋالغىنى ئالىم بوۋىمىزنىڭ بىر قولىدا كىتاب تۇتقان، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئىلىم دۇنياسىغا نەزەر سېلىۋاتقان ھالەتتىكى قاتۇرۇلغان ھەيكىلى بولدى. ئالىم بوۋىمىزنىڭ يېشىغا سىمۋول قىلىنغان 97 پەلەمپەيدىن شوخلۇق بىلەن يۇقىرىغا ياماشتۇق. رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھاي-ھاي تېرەك، نورۇز بۇلاق...  قەبرە يېنىغا كەلگەندە زىمىندىن شۇنداق سادا ئاڭلانغاندەك بولدى: «مەرھابا باللىرىم كەلگەن قەدىمىڭلار قۇتلۇق بولسۇن، ئىلىم دۇنياسى چەكسىز، ھارماي ئىزدىنىڭلار». ئوڭ قولىمىزنى كۆكسىمىزگە قويۇپ ئايلاندۇق. دىنىي ئادىتىمىز بويىچە دۇئا قىلىپ ئالىم بوۋىمىزغا بولغان سېغىنىش ۋە ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلىگىنىمىزدە ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلدىم ھەم مەڭگۈ بەختلىك ھېس قىلىمەن. چۈنكى دۇنيادا بىزگە ئوخشاش دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە 1000 ياشقا كىرگەن ئالىم بوۋىسى بار قەۋمدىن يەنە كىملەر بار؟ ھاي-ھاي تېرەك، نورۇز بۇلاق، ئەجدىھا غارى، مۇزىيخانا بىزگە سىرلىق رىۋايەت، چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەردى. ئوپالئارتىن تېغىدا تۇرۇپ بۇ شانلىق تارىخ-مەدەنىيەتنىڭ ئىزناسى بولغان قەدىمىي ماكانغا نەزەر سالغىنىمدا ھەيران قالدىم. ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئايىغى تەگكەن زېمىنلار مۇشۇنداق گۈزەل بولامدىغاندۇ؟

ئايرىلىش ئالدىدىكى «ناممۇقام» ناخشىمىز ئوپال زېمىنىدا ياڭرىدى. نورۇز بۇلاقتىكى نازۇ-نېمەتكە تولغان بەرىكەتلىك داستىخانلار، دۇتتار بىلەن ئورۇنلانغان گۈزەل مېلودىيىلەر قەلبىمىزنى ھاياجانغا چۆمدۈردى.

26-ئىيۇل ئىلمىي زىيارىتىمىزدىكى يەنە بىر سەھەر. پەيلاسوپ، ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىزنىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ باي ھېكمەتلەرگە تويۇنغان پەند-نەسىھەتلىرىنى ھاياجان ئىلكىدە ئەسلىدۇق.

ئاۋات سودا قايىنمىغا تولغان قەشقەر بازارلىرى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل ماللار، ھەرتەرەپتە جاراڭلاپ تۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان خېرىدارلار... بىز بۇ مەنزىرىلەرنى ھەرقانچە ئىزدەسەكمۇ پۈتكۈل يەرشارىدا پەقەت تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇر بازارلىرىدىنلا تاپالايمىز بەلكىم. كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزىۋات، يوپۇرغا يوللىرىدا بىزنىڭ ئىزلىرىمىز، شوخ كۈلكە سادالىرىمىز قالدى. بىز كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا بۇ قەدىمىي شەھەر بىلەن خوشلاشتۇق.  خەير ئەزىزانە قەشقەر، ماڭا ئۆزلۈكۈمنى تونۇتقان ماكان!




ـ ئاپۇي، مەن پوپىتاك چاينايمەن!

ـ بالام، مەن قارا گۆش ئەكەلدىم، ھېلى قازان كاۋىپى قورۇپ بېرىمەن شۇنى چايناڭ.

ـ ياق ۋىيىپى ياق، ياق تازا ياق!

ـ زىيان قىلىدۇ بالام، چاينىماڭ ئۇنداق نېمىلەرنى...

ـ ياق، ياق ئېپ بىرىڭ. چاينايتىم مەن.

ـ خەپ دەيمەن! مۇشۇ ھۆكۈمەت نېمىمۇ قىلار دەيمەن شۇ نەرسىنى ياساپ. نېمىدىنمۇ ياسايدىغاندۇ مۇشۇنى، تۇۋا، تۇۋا...

ـ چاينايتىم مەن چاينايتىم!

ـ بالام گەپ ئاڭلاڭ، قايماق بار. ھېلى شۇنىڭدا پوشكال پۇشۇرۇپ بېرىمەن. تۇخۇم قورۇپ بېرىمەن.

ـ يېمەيمەن ئۇنى. پوپىتاك چاينايتىم مەن.

ـ بالام...

ـ ھە ھە ھە !!!! ھۇ ھۇ ھۇ....!

ئاپام مېنىڭ يىغلىرىمغا پايلاپ بولالماي ئاخىرى شۇ نەرسىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ ئارام تاپاتتى. ھەر قېتىم «سېغىز چاينايمەن» دەپ غەلۋە قىلغىنىمدا، ئاپام ھۆكۈمەتتىن قاقشاپ كېتەتتى. شۇ چاغدا مەن «سېغىزنى ئەسلى ھۆكۈمەت دەيدىغان يەر ياساپ چىقىرىدىكەن ـ دە» دەپ ئويلايتتىم. ناھىيمىزدە تۆت قەۋەتلىك بىر سېرىق بىنا بارئىدى. ئۇ بىنانى ھەممە ئادەم «ھۆكۈمەت» دەيتتى. ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ ئاپام بىلەن شۇ بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، خىيالىمدا مەن ئامراق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالىدىغان، ئەمما ئاپام زىيان قىلىدۇ دەپ ئېلىپ بەرمەيدىغان نەرسىلەرنى شۇ بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ قانغۇچە ئالغۇم كېلەتتى.

بىر كۈنى ئاپام ئىككىمىز ئەنە شۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا ھاممام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ـ ھۆكۈمەتكە ئازراق ئىش بىلەن كەلگەن. ـ دېدى ھاممام قولىدىكى جەدۋەل چىراي قەغەزنى كۆرسىتىپ، مەن ئەنە شۇ قېتىملىق پۇرسەتنى چىڭ

تۇتتۇم.

ـ ھۆكۈمەتكە مەنمۇ كىرىمەن،ـ بىردە ئاپامغا، بىردە ھاممامغا قاراپ ئۈمچەيدىم.

ـ بالام ئۇ يەرگە كىچىك بالىنى ئېلىپ كىرسە بولمايدۇ.

ـ ياق نېمىشقا، مەنمۇ كىرىمەن ۋىييىي،ـ يۈگۈرۈپ بېرىپلا ھاممامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم.

كوچىدىلا يىغلاپ كېتىشىمدىن قورقتىمۇ تاڭ، ئاپام ئاخىرى ھۆكۈمەتكە كىرىشىمگە ماقۇل بولدى. ھاممام بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە كىرىپلا، چوڭ-چوڭ كۆزلىرىمنى ئۇيان-بۇيان يۈگۈرتۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدىكى مەن ئامراق نەرسىلەرنى ئىزدىدىم. ئەمما ھېچنېمىنى تاپالمىدىم. ئۇ يەردە يانمۇ-يان سېلىنغان كىچىك-كىچىك ئۆيلەرلا تۇراتتى، شۇنچە قارىغان بولسامۇ ھېچقايسى ئۆيدىن مەن ئىزدىگەن نەرسىنىڭ قارىسىنمۇ تاپالمىدىم. ھاممامنىڭ ئىشمۇ بىردەمدىلا پۈتۈپ، مېنى يېتىلەپ ھۆكۈمەتتىن چىقىپ كەتتى.

ـ پوپىتاڭنى ھۆكۈمەتنىڭ نەرىدە ياسايدۇ،ـ دەپ سورىدىم ھاممامدىن ئىشىك ئالدىغا چىققاندا.

ـ ئۇكام ھۆكۈمەت دېگەندە ئىشخانا بار. ئۇنداق نېمىلەرنى زاۋۇتتا ياسايدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۆتكەندە ھېلىقىدەك خىياللارنى قىلماس بولدۇم. ئەمما يېڭى بىر نەرسە-زاۋۇت مەن ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان بولدى. بېشىم چوڭايغانسېرى ھەممە ئادەمدىن پىنھان ئۇ خىياللىرىمدىن ئۆزۈمچە خىجىل بولۇپ كېتەتتىم. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ خىياللىرىم مېنىڭ خۇشاللىقىمغا ئايلاندى.

# ئەسكەرتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا ئاپتور ئىسمىلىرىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ قايسى يىللىقتا ئوقۇۋاتقانلىقى سان بىلەن تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپلا يېزىلدى. مەسىلەن: شۆھرەت ئابلا **(2005-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)** قىلىپ يېزىلىشقا تېگىشلىك ئىسىملار. شۆھرەت ئابلا **(2005)** قىلىپ قىسقارتىلدى. شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: سادا ژۇرنىلى تەھرىراتى




- مەركىنە؟...،نىغمەت بىلەن راستىلا ئايرىلىپ كەتتىڭلارما؟

دىلارە نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئاڭلىغان مىش-مىش پاراڭغا ئىشەنمەي مەركىنەنىڭ ئۆزىدىنلا سورىغانىدى.

- ھەئە، ئىككى ئايچە بولدى،- دېدى مەركىنە چوڭقۇر ئۇھسىنىپ.

- ئەمما...، بۇنىڭغا پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، سىلەر شۇنداق ياخشى ئۆتىۋاتاتتىڭلارغۇ؟

- ئەمەلىيەتتە ئىشلار ئۇنداق ئاددىي ئەمەس.

مەركىنەنىڭ بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىگۈسى كەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دىلارەگە دەيدىغان باشقا گەپلىرى بار ئىدى.

- دىلارە مەن ھېلىقى ئىشنى ئويلىساملا بەك خىجىل بولىمەن: سەن نىغمەتنىڭ سېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەندە ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتكەنىدىڭ، مەن ساڭا تەسەللى بېرىپ «ئاشۇ بالا ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن؟...، ئەرزىمەيدۇ. قىز بالىمۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن يىغلامدۇ. قاراپ تۇر، ئۇ بالا ھامان بىر كۈنى تارتىپ قالىدۇ، سەن كۆرگەن كۈن ئۇنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ...» دېگەنىدىم.

- ئۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، خاتىرجەم بول.

- بولدى كۆڭلۈمنى ياسىما، مەن سەندىن ئەپۇ سورىۋالمىسام كۆڭلۈم ھەرگىز تىنچىمايدۇ. مەن مۇھەببىتىڭنى تارتىۋالغاندەكلا ئىش قىلدىم. ھەتتا شۇ مەزگىللەردە مۇناسىۋىتىمىزمۇ بىر مەزگىل ياخشى بولمىدى. باشقىلار كەينىمىزدىن «بىر بالىنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىشتى. بىلىمەن، دەسلەپتە سەن ئۇنى ياخشى كۆرگەن، ئۇنى قوغلاشقان. بىراق بەختنىڭ تەتۈر كېلىپ ئۇ ساڭا قىزىقمايدىغان چىقىپ قالدى. ئەمما ئۇ سېنى رەت قىلغان مەزگىللەردە مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى، ھەتتا سېنىڭ تېزراق مۇرادىڭغا يېتىشىڭنى تىلەيتتىم. بىراق بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز ماڭا كۆڭلى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن دەسلەپ ھەيرانلا قالدىم. خېلى چاغلارغىچە ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. بىراق ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدىكەن. مېنى ئاستا-ئاستا ئۆزىگە قارىتىۋالدى. مەن راستىلا بەك خىجىل دىلارە. مېنى كەچۈرگىن.

- بولدى قىلە، قاچانقى گەپ ئۇ. سەن تولا ئويلاۋەرمەي. خۇشال يۈرە.

- سەندىن نىغمەتكە ئەمەس ماڭا يېنىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇ چاغدا نىغمەتنىڭ ئىسمىنىمۇ چاقىرغۇم كەلمەيتتى. ئۇنى دائىم «ئۇ بالا، ئاشۇ بالا» دەيتتىم. سېنىڭ نېمىگە يىغلايدىغىنىڭنىمۇ پەقەت بىلەلمەيتتىكەنمەن. بىراق ئەمدى ھەممىنى بىلدىم. ئازابىڭنىڭ تەمىنى تېتىدىم دىلارە،- مەركىنەنىڭ كۆڭلى

بۇزۇلۇپ ئاۋازلىرى بوغۇلۇۋاتاتتى.

– ماڭا دەپ بېرە، سەن ئۇنى قانداق ئۇنتۇپ كەتكەن؟ – ئۇ ئاخىر يىغلاپ تاشلىدى.

دىلارە دەرھال مەركىنەنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى سىلىغىنىچە قۇچىقىغا باستى ۋە يەلكىسىنى يەڭگىل پەپىلەپ تەسەللى سۆزلىرىنى قىلدى. ئاندىن ئارام بولسۇن دەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ بېشىدا ھال – مۇڭ بولۇشۇپ ئولتۇردى.

– مەنمۇ بىر مەزگىل ساڭا ئوخشاشلا ئازابلانغانىدىم. دائىملا خاتىرەمنى يوقىتىپلا ھەممىدىن قۇتۇلسام دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيال ئىكەن. كېيىن بارا – بارا «نېمە قىلىمەن ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئازابلاپ» دەيدىغان بولدۇم. ئاخىر ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ۋاقىت ھەممىنى ئىزىغا چۈشۈرىدىكەن. چىدىغىن، سېنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كېيىن ئويلىساڭ چوقۇم كۈلۈپ كېتىسەن.

دىلارە ئۇنى ئازابلانمىسۇن دەپ روھىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ بۇ گەپلەر مەركىنەگە باشقىچە ئۇنۇم بېرىۋاتاتتى، ئۇ تىنچلانماقتا يوق ئەكسىچە ئازاب ۋە خىيال قاينىمىغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى...

– ئەگەر مەن خاتىرەمنى يوقاتسام قانداق قىلىسەن؟

– پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن. ساڭا ھەممە ئىشلارنى بىر – بىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن. يەنە...

– ئۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا مەن ئەزەلدىن تونۇمايدىغان بىرى ماڭا گەپ قىلىپ كېتىدۇ. ماڭا كۈيۈنۈپ كېتىدۇ، تېخى بىر نېمىلەرنى ئېسىمگە سالالماي كىسىلىپ كېتىدۇ. بىراق مەن نېمە بولغىنىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپلا تۇرىمەن. ھا – ھا... ئادەم خاتىرىسىنى يوقاتسا ئاشۇنداق بولۇپ قالارمۇ؟...

مەركىنە مېيىقىدا كۈلدى ۋە بېشىغا ئەكىلىۋالغان بالا تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ سىلاپ ئولتۇرۇپ يەنە كۆزىگە ياش ئالدى. ئايرىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ نازۇك قىلىۋەتكەنىدى.

– بىر چاغلاردا ئۇنىڭدىن كۈندە تېلېفون كېلەتتى. بىز سائەت – سائەتلەپ مۇڭدىشىپ كېتەتتۇق. شۇ چاغلاردا ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتىم.

ئۇ يىغلامسىرىغىنىچە تېلېفوننى چىڭ قۇچاقلايتتى. ئازابتىن تىترەۋاتقان يۈرەكلىرىگە ياقاتتى. دىلارە بولسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ چاغدا «جىرىڭ» قىلغان تېلېفون ئاۋازى ھەر ئىككىيلەننى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ياش يۇقى يۈز – كۆزلىرىنى ئېيتىشتۇرۇپ تېلېفوننى ئالدى.

– مەركىنەما؟

«ئوت ئۈستىگە ياغ» دېگەندەك ئۇنىڭدىن دائىم مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا تېلېفون كېلەتتى.

– ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ مەن نىغمەت.

– ئاخىر زامان بولغىدەك – ھە!

– نېمە، گېپىمنى قىلىۋاتامتىڭ؟ قارغاۋاتامتىڭ – يە؟...

– سىنى قارغىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. ئىغىزىم ئۇپىرايدۇ شۇ، – مەركىنە دائىم ئۇنىڭ ئالدىدا زورمۇ – زور قەيسەر بولۇۋالاتتى. نېمە دەرد بولسا ئىچىدىلا بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق ئىدى.

– مەندىكى نەرسىلىرىڭنى قايتۇرۇپ بىرەي، سەنمۇ مېنىڭكىنى قايتۇرۇۋەت. ئىشىمىز پاكىز تۈگەپ كەتسۇن.

نىغمەت بۇرۇن مەركىنەگە بەرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان سوۋغاتلارنى قايتۇرۇۋشۇپ بۇ يولنىڭ ئايىغىنى ئۈزۈۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى.

- ئۇ نەرسىلىرىڭنى مەن تېخى يىغىشتۇرمىدىم. نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. ۋاقتىم چىقسا ھەممىنى تېپىپ دېمىسەڭمۇ قايتۇرۇپ بېرىمەن.

- تېخى تېپىپ بولالمىدىڭما؟

- خاتىرجەم بول، نەرسىلىرىڭنى يەۋالمايمەن. ۋاقتىم چىقسىلا قايتۇرۇپ بېرىمەن.

- سېسىق گەپ قىلما مەركىنە، سەن ئىلگىرى بۇنداق ئەمەستىڭ.

نىغمەت گەپنى قاتتىقراق قىلىپ مەركىنەنىڭ رايىنى ئۆزىدىن تېزراق ياندۇرماقچى بولدى.

- ئىلگىرى!؟ ئىلگىرى دېگەن گەپنى قىلما! ئىلگىرى تاتلىق گەپ قىلاتتىم، ئوماق ئىدىم، مىجەزىممۇ ئېسىل، پەزىلەتلىك «پەرىشتە» ئىدىم. مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى سەن دېگەنتىڭغۇ؟...- ئۇ ئاچچىقىدا تېلېفوننى جاققىدە قويۇۋەتتى.

شۇ تاپتا نىغمەت ئۆزىگە قانداق باھا بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. «مېنىڭ قىلغۇاتقانلىرىم توغرىمۇ؟... خاتامۇ؟...» دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەمىشە...

- سوۋغاتلارنى قايتۇرۇپ بەردىڭىزمۇ؟

- ياق، ئۇ «ۋاقتىم چىققاندا...» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

- ھە...- گۈلزار ئارتۇق-تۆشۈك گەپ قىلمىدى.

- گۈلزار ، مەن ئەسكىمۇ؟ سىزنى ئويىنىتىۋاتامدىم؟

- گەرچە ئۈچىمىز ئارىسىدىكى بەزى ئىشلار ناتوغرىدەك بىلىنسىمۇ، مەن سىزنى ئۇنداق قىلدى دەپ ئويلىمايمەن.

- نېمىشقا؟...

- چۈنكى سىز ماڭا كۆيۈنىسىز. مېنى قوغدايسىز، ماڭا يارىدەم قىلىسىز. يەنە...، پەقەت يالغان سۆزلىمەيسىز. مەن پەقەت سىزنىڭ يېنىڭىزدىلا ئۆزۈمنى بىر خىل ئازادە ھېس قىلىمەن. لېكىن...

- نېمە لېكىن؟

- سىز قىزلارنىڭ كۆڭلىنى پەقەت چۈشەنمەيدىكەنسىز.

- ھە؟... ، قانداقسىگە دەيسىز.

- ئەمىسە كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ھە،- گۈلزار چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

سىزنىڭ پورتمالىڭىز، دائىم ئېسىپ چىقىدىغان ئاسما سومكىڭىز، يەنە پۇتىڭىزدىكى ماۋۇ ئاياق. ھەممىنى ئۇ ئېلىپ بەرگەن شۇنداققۇ؟- بۇ نەرسىلەرنى مەركىنەنىڭ ئېلىپ بەرگەنلىكىنى ئۇ ئۆزى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

- شۇنداق، سىز يالغان گەپ قىلىشقا ئۆچ. شۇڭا ماڭا ئېيتىپ بېرىسىز. بىراق مەن ھەر قېتىم ئۇ نەرسىلەرنى كۆرسەم بەك ئازابلىنىمەن. ئۆزۈمنى ئاراڭلاردىكى ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىمەن. بىراق سىز بۇلارنى ئازراقمۇ ئويلاپ قويمايسىز. قارىغا ھازىرمۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىمۇ يېنىڭىزدا كەم ئەمەس،- بۇ گەپلەردىن نىغمەت ئەجەبلىنىپ گەپمۇ قىلالماي قالدى.- بۇ مېنىڭ قانداقتۇر سىزنى باشقۇرغىنىم ياكى بۇيرۇق قىلغىنىم ئەمەس. بىز تېخى رەسمىي يۈرمىدۇق. شۇڭا ئۇنداق قىلىش ھوقۇقۇممۇ يوق. پەقەت شۇ قىزلارنىڭ قەلبىنىڭ سىز كۆرەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ. مېنىمۇ باشقىچە ئويلاپ قالماڭ.

گۈلزار ئەپچىللىك بىلەن ئېچىدىكىنى تۆكۈۋالدى. نىغمەت بۇ كىچىك قىزنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولدى. ئەمەلىيەتتە گۈلزار بۇ گەپلەرنى بۇرۇنلا دېيىشنى ئويلاپ كەلگەنىدى. مۇۋاپىق پۇرسەت چىقمىغاچ ئۇيان ئويلاپ،

بۇيان ئويلاپ پۇرسەتنى ئۆزى يارىتىش ئويغا كېلىپ سوئاللارنى مەقسەتلىك سورىغانىدى.

— ئەمسە مەن كەتتىم. ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم،— گۈلزار گېپىنى دەپ بولۇپلا كېتىپ قالدى. ئەمما نىغمەتنىڭ يەنە دەيدىغان گەپلىرى ۋە سورايدىغان سوئاللىرى بار ئىدى. بىراق قىز ئۇنى تىت-تىت قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. نىغمەتمۇ بۇرۇن گۈلزار بىلەن بىر ئوبدان مۇڭدىشىۋېتىپ «ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم-ھە؟» دەپلا چىقىپ كېتەتتى. كۆز ئالدىدىكى بىر قاتار ئىشلاردىن نىغمەت «قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئازراق چۈشەنگەندەك بولدى.

ئەتىسى نىغمەت مەركىنەگە يەنە تېلېفون قىلدى.

— كەچۈرسەن، يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بەرگىن.

نىغمەتنىڭ دائىملا «نەرسە،نەرسە» دەپ تۇرۇۋېلىشى مەركىنەنى ھەم گۇمانلاندۇرسا ھەم ئاچچىقلاندۇرۇپ قويدى.

— نېمىمۇ قىلارسەن ئۇ ئەخلەتلەرنى،— ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئاغزىدا ئەخلەت دەپ قويغىنى بىلەن يۈرىكى چىدىمايتتى.

— شۇنداق. ئۇ سەن ئۈچۈن ئەخلەت. بىراق باشقىلار ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس. نەرسە مەندە تۇرسا گۈلزار بەك ئازابلىنىدىكەن.

نىغمەت گۈلزارنىڭ ئىسمىنى چىقارماي دېگەن لېكىن، مەركىنەنى ئۆزىگە تېخىمۇ ئۆچ قىلىش ئۈچۈن بەزى گەپلەرنى ئايماسلىق قارارىغا كەلدى. بۇنداق بولغاندا مەركىنە ئۇنىڭدىن بالدۇرراق ئۈمىدىنى ئۈزەتتى ۋە كۆپ ئازابلانماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— يەنە شۇ گۈلزار، سۆز-چۆچەك دېگەن بىكارغا تارقالمايدۇ،— ئۇ باشقىلاردىنمۇ گۈلزار توغرىلىق ئانچە-مۇنچە ئاڭلىغانىدى،— سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپسەندە؟!...

مەركىنە گۈلزارنىڭ گېپىنى نىغمەتتىن ئاڭلارمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىق ئۇدۇل مېڭىسىگە چىقتى ۋە تېلېفوننى جاققىدە قويۇۋېتىپ ئولتۇرۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى...

ئۇ شۇ ئولتۇرغانچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى. ئارىدىكى مۇھەببەتنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنى گۈلزارغىلا ئارتتى. گۈلزار ئۇنىڭ كۆزىگە جىن، ئالۋاستى كۆرۈندى. شۇ ئاچچىقىدا گۈلزارنى تېپىپ راسا سوققۇشۇپ، چاچلىشىپ ئاچچىقىنى چىقىرىپ كېلىشنىمۇ ئويلىدى...، يەنە بىر تەرەپتىن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ «سۆيۈق بالا» نى تاشلىۋېتىپ، ھەممىنى تەل-تۆكۈس ئاياقلاشتۇرىۋېتىشنىمۇ ئويلىدى...، غورۇرىنى قايرىپ نېمىلا بولسا چىداپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ نىغمەت بىلەن مەجبۇرىي يارىشىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ باقتى...، بىراق مەركىنە ئىشنىڭ ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. «زادى قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇ ئۆزىدىن جىددىي سوئال سورايتتى. ياخشى چارە تېپىلىشنى قاتتىق ئۈمىد قىلاتتى...

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ۋاراق قەغەزگە تەكلىپنامە يېزىپ بىرەيلەنگە تېلېفون قىلدى ۋە گۈلزارغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلىدى...

خەتتىكى تەكلىپ بويىچە گۈلزار بىلەن مەركىنە مەكتەپ ئىچىدىكى قەھۋەخانىدا كۆرۈشتى.

مەكنەنىڭ ئالدىدىكى بۇ قىزغا قاتتىق ئاچچىقى بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «بۇنىڭغا مەدەنىيەتسىزلىك قىلىپ قويسام — نىغمەتنىڭ ئىلگىرىكى يۈرگىنى قىلىقسىز نېمىكەن،— دەپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە.

شۇ تاپ ھەر ئىككەيلەن جىددىيلىشىپ تەبىئىي

بولالمايۋاتاتتى. لېكىن مەركىنە چوڭ بولغاچقىمكىن گۈلزارغا قارىغاندا ئازراق ئەركىن ئىدى.

- سىزنى تۇيۇقسىز چاقىرتىشىمدىن مەقسەت، سىز بىلەن نىغمەتنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقايمىكىن دېۋىدىم.

- مەيلى، - گۈلزار ئەيمىنىپ قىسقا سۆزلەۋاتاتتى.

- سىز ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋاتامسىز؟

- ياق.

- ئەمىسە، يۈرمەكچى بولۇۋاتامسىز؟

- بىلمەيمەن.

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

- بۇ ئىشقا نىغمەت ئاكامنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

- سىز ئارىمىزغا كىرىپ بىزنى ئايرىۋەتمەكچىمۇ؟ - مەركىنە گەپنى ئۇدۇل، قاتتىقراق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

- مەن ئەزەلدىن ئۇنداق ئويلاپ باقمىدىم. مەركىنە ھەدە، مېنى خاتا چۈشىنەمەڭ. مەن ئارىمىزدا قاچان، قانداقسىگە بۇنداق يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئاتا-ئانام نىغمەتنىڭ ئاتا ئانىسى بىلەن يېقىن ئۆتىدىكەن. ئۆيدىكىلەر نىغمەت ئاكامغا ماڭا كۆز قۇلاق بولۇپ قويۇشۇمنى تاپىلاپتىكەن. نىغمەت ئاكامۇ ماڭا ئۆز ئاكامدەك كۆيۈنىدى. كېيىن...، مەن راست چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزمەن. ئىشقىلىپ مەن يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ چۈشىنىمەن ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنىمەن.

«ماڭا دېگۈدەك گەپ قالمىدىغۇ ئەمدى. ئەجەپ يامان نېمىكەنا!» دەپ ئويلىدى مەركىنە ئىچىدە. مەركىنە ئەسلى « سوۋغاتلارنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىپسىزغۇ؟» دەي دېدىيۇ، لېكىن نىغمەتنى «ھەممىنى دەپ يۈرۈپتۇ» دەپ قالمىسۇن دەپ ئاياپ قالدى.

- بۇ گەپچە قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدىكەنسىزدە.

- مەن نىغمەت ئاكام بىلەن ئۆتكەن ھەر بىر مىنۇتنى قەدىرلەيمەن. ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قەرزدار دەپ ئويلايمەن.

- مەنمۇ ئىلگىرى شۇنداق ئىدىم. مېنىڭچە سىز ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەخمەقلىق قىلغىنىڭىزنى ھېس قىلىسىز.

- ھەدە، مەن ئىشلارنى خېلى بىلىمەن. مېنىڭچە ئايرىلىش بىرلا ئادەمگە باغلىق ئىش ئەمەس، ئۇنىڭدا سىزنىڭمۇ تىگىشلىك مەسئۇلىيىتىڭىز بار.

مەركىنە بۇ قىزنىڭ ئاددىي ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۇردى. ئۇنىڭ دەل، ئورۇنلۇق جۈملىلىرى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بولغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا مەلۇم تەرەپتىن تەربىيە بولدى، ئۇنى ئويلاندۇردى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن «قەدىرلەش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆچكىنىگە ئۇزۇن بولغانىدى.

- خۇددى سىلەرنىڭ يۈرۈش يۈرمەسلىكىڭلارغا بىرنېمە دېگىلى بولمىغىنىدەك بىرىنىڭ ئايرىلىش ئايرىلماسلىقىمىزغىمۇ تېخى بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. مەن نىغمەتنى ئۇبدان چۈشىنىمەن، - مەركىنە ئۆزىنىڭ گۈلزاردىن ھامان ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇۋاتاتتى، - سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن. مەن ياردەم قىلىدىغان ئىشلىرىڭىز بولسا ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. ماڭىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، خوش.

ئۇ گەپنى ئۈزۈپلا چىقىپ كەتتى...

گۈلزارنىڭ گەپ-سۆزلىرى بىر تەرەپتىن مەركىنەنى ئويلاندۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق

جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ نىغمەت بىلەن گۈلزارنىڭ ئارىلىقىنىڭ يەنىمۇ يېقىنلاپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

مەركىنە پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ھەممە ئىشلارنى ئويلاپ چىقتى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك تەسىر قىلغىنى بولسا گۈلزارنىڭ: «مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ھەر بىر مىنۇتنى قەدىرلەيمەن» دېگەن گېپى بولدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئۇ ئېسىنى يىغىپ نىغمەتكە تېلېفون قىلدى.

— سوۋغاتلىرىڭنى ئېلىۋالغۇڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە. ھازىر مەن بىكار، سېنى ياتاق بىنايىڭلارنىڭ ئالدىدىلا ساقلاپ تۇراي.

— ھەي ئەخمەق، مەن ساڭا ھازىر بېرىمەن دېمىدىمغۇ. ئۇلارنىڭ قايسىسىنى، قاچان، قەيەردە قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن. گۈلزارنى خاتىرجەم قىلاي دېسەڭ دېگىنىم بويىچە قىلىسەن. بولمىسا بىرنىمۇ بەرمەيمەن، — مەركىنە گېپىنى دەپ بولۇپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. نىغمەت قايتۇرۇپ ئۈرسمۇ ئالمىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ مەركىنە نىغمەتكە يەنە تېلېفون قىلدى.

— ياخشى تۇردۇڭما؟ بۈگۈن بىرىنچى ئايغا بىر. مەن بۈگۈن نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرماقچى. ئەگەر ئالغىڭ بولسا ياشلار باغچىسىغا كەل. مېنى سائەت نەچچىدە قەيەردىن تېپىشنى بىلىسەنغۇ دەيمەن، — مەركىنە گېپىنى دەۋېلىپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. نىغمەت قايتۇرۇپ ئۈرسا يەنە ئالمىدى.

توغرا، نىغمەت ئۇنى نەچچىدە، قەيەردىن تېپىشنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆتكەن يىلى دەل ئەشۇ باغچىدا ئەڭ بەختلىك مىنۇتلىرىنى ئۆتكۈزگەندى.

— نېمە ئويۇن ئوينايدىغاندۇ بۇ قىز بالا!...

نىغمەت ئاچچىقلاپ ئۆز-ئۆزىگە كېسىلىپ كەتتى. بىر تۇرۇپ ئۇ مېنى تازا بىر ئوسال قىلاي دەپتۇ-دە دەپ ئويلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بارمايمىكىنمۇ دەپ باقتى. بىراق قانداقلا ئىش بولسا چىشىنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپلا قۇتۇلماقچى بولدى.

نىغمەت تونۇش مەنزىرىگە بىر قۇر سەپ سېلىۋەتكەندىن كېيىن كونا ئىزنى بېسىپ مەركىنە تەرەپكە كەتتى.

— بۇ يەرگە چاقىرىپ نېمە قىلاتتىڭ...

نىغمەت بىر نېمىدىن خىجىل بولغاندەك باشقا ياققا قارىۋالدى.

— مانا نەرسىلىرىڭ.

مەركىنە «ئالدىراپ كېتىپسەندە» دەۋەتكىلى تاس قالدى. لېكىن تاپقان چارىسى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ بۇنداق دېسە بولمايتتى. مۇھەببىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ كونا يولنى يەنە بىر بېسىشقا مەجبۇر ئىدى.

— ھەي، قاراڭ بۇ يەردە سىرىلىپ ئوينايدىغان يەر بار ئىكەن. مەن ئېگىزدىن سىيرىلىشتىن قورقىمەن. سىزچۇ؟ — ئۇ غەيرەت قىلىپ ئۆتكەن يىلى مۇشۇ كۈنى، مۇشۇ جايدا دېگەن گېپىنى قايتىدىن تەكرارلىدى.

ئەينى چاغدىكى گەپ- سۆز ۋە مەنزىرىنىڭ يەنە تەكرارلىنىشى نىغمەتنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ مەركىنەنى، گەپ تېپىپ مېنى تازا بىر ئوسال قىلماقچى، دەپ ئويلاپ قالدى. بىراق مەركىنەنىڭ چىرايىدىن ھېچ ئۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چىرايىدا ئىلگىرىكىدەكلا تەبەسسۇم پەيدا قىلىشقا تىرىشىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئارتىسلىق قىلىۋاتامايدىغانسەن؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى نىغمەت.

مەركىنە لام - جىم دېمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە

ئىسسىق ياش كەلگەن بولسىمۇ چىداپ سىڭدۈرۈۋەتتى. ئۇ شۇتاپ قانداقلا قىلمىغان بىلەن ئىلگىرىكى گۈزەل كۈنلىرنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقنى ھېس قىلدى. بىراق ئۇ ئۆزىگە «ئويۇن» تۈگىگىچە ئۈمىد ئۈزمەسلىك كېرەك دەپ تەسەللى بېرەتتى.

نىغمەتمۇ بىردەم گەپ قىلماي جىم تۇردى. ئاندىن مۇز سۇپىنىڭ پەشتىقىغا كېلىپ مەركىنەنى ساقلاپ تۇردى. ئۇ ئەسلى، «قورقماڭ، بەك ئاسان، يۈرۈڭ مەن ئۆگىتىپ قويىمەن» دېسە توغرا بولاتتى.

مەركىنەمۇ مۇز سۇپىغا چىقتى. سۇپا 15مېتىرچە ئېگىز، 30 مېتىرچە ئۇزۇن، يەسلىلەردە كىچىك باللارنىڭ سىيرىلىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىغا ئوخشايدىغان يانتۇلۇق ئىدى.

- چۈشە،- نىغمەت قوپاللىراق ئىدى.

مەركىنە «نىمانداق قوپاللىق قىلىسەن. ئەيىنى چاغدا چۈشۈڭ، مەن ئىتتىرىپ قويىمەن، قورقماڭ، دېگەنتىڭغۇ؟...» دەيتتى ئىچىدە.

- سىز ئاۋال چۈشۈڭ، بولمىسا مېنى يىقىتىۋېتىسىز، - مەركىنە گەپنىلا ئەمەس ھەتتا چىراي ئىپادىلىرىنىمۇ ئەيىنى چاغدىكىگە ئوخشىتىشقا تىرىشتى.

نىغمەت سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ۋە بىر يەردە توختىدى. كەينىدىنلا مەركىنە بىر قوشۇر تاشلىق خاتىرىنى ئېلىپ چۈشتى. بۇ دەل ئەيىنى چاغدا نىمەت مەركىنەگە سوۋغا قىلغان خاتىرە ئىدى.

- بۇ ماڭا بەرگەن خاتىرەڭ، قايتۇرۇۋال، ئاۋۇ يەردە يەنە بىر نەرسەڭ بار، - ئۇ ياندىكى چانا تېپىلىش مەيدانىنى كۆرسەتتى.

مۇز قېتىپ كەتكەن كۆلنىڭ ئۈستى. ئەتراپتا چانا تېپىلىپ ئوينىشىۋاتقان ئادەملەر. ئۇلار ئىلگىرىكىدەكلا غەمسىز كۆرۈنىدۇ. چۈنكى بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇشاللىق ئىزدەپ كەلگەن، پەقەت بۇ ئىككى ياشلا ئەسلىمىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ.

- ئاۋۇ يەرگە بارايلىچۇ.

مەركىنە بىر چانىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ چانا تايىقىنى يەرگە تىيىدى، بىراق چانا تۈزۈك ماڭمىدى. «چۈش» يەنە تەكرارلاندى.

نىغمەت ئۆزىنى يا ئوتتا ئەمەس، يا سۇدا ئەمەس، يا خىيالىي دۇنيادا ئەمەس، يا رېئال دۇنيادا ئەمەستەك ئاجايىپ بىر قىسما سەزدى، ئۇ باشقا نەرسە ئويلىيالمايتتى. ئەسلىمە ۋە رېئاللىق ئۇنىڭ كاللىسىدا توختىماي ئايلىناتتى. بىر تۇرۇپ ئۇ بۇ «چۈش» نىڭ داۋامىغا قىزىقاتتى.

نىغمەت دەسلەپ ئۇنى ئىتتىرىپ ئاستا ماڭدى، كېيىن يۈگۈردى. ئۇنىڭ قولى مەركىنەنىڭ مۈرىسىگە تەگكەندە، ئىنچىكە، يۇمران سۆڭەك ۋە يۇمشاق ئەت ئەيىنى چاغدىكىدەكلا غايىۋى سېزىم بەردى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار بىر كىچىك قار بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.

- قارا، بۇ ئەيىنى چاغدا سەن ماڭا ياساپ بەرگەن قار بوۋاي، مەن بۇنى ئەتكەن تېخى قولۇمنىڭ ئۇششۇپ قالغىنىغا قارىماي ياسىدىم. ئەمدى ئۇنى بۇزىدىغان چاغ كەلدى. سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن بۇزغىن.

نىغمەت بۇ تاللاشتا بەكمۇ قىينالدى. مۇشۇ قار بوۋاي بۇزۇلسىلا ھەممە تۈگەيدىغاندەك، مەركىنەمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن غايىپ بولىدىغاندەك ھېس قىلدى. بىراق يەنىلا ئەزمىلىك قىلماي بۇزۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ قار بوۋاينى بۇزۇشى بىلەن تەڭ ئىچىدىن بىر قارا قەلەم قۇتىسى چىقتى.

- بۇ سەن ماڭا بەرگەن ئىككىنچى سوۋغات، بۇ قەلەمنى بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ قاپقا سېلىپ قويىدۇم. نىملا دېمىگەن بىلەن ئامانەت ئەمەسمۇ. ئەمدى مېنىڭكىنى قايتۇرۇپ بەر.

نىغمەت مەركىنە ئەيىنى چاغدا يۈرەك شەكلىدە

قاتلاپ بەرگەن ئون يۈەنلىك پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى.

— ئەمسە مەن كەتتىم، قالغان نەرسىلەرنى كېيىن ئېلىۋالىمەن. خوش.

مەركىنە ئاستا يۈگۈرگەن پېتى ئۇزاپ كەتتى. نىغمەت ھاڭۋاقىنىچە مۇز مەيدانىدا يالغۇز قالدى...

كېچە. تۈگىمەس، چىرماش خىياللار نىغمەتنى ئورىۋالدى. ئۇ ئۇياقتا-بۇياقتا تولغىنىپ ئۇخلىمايتتى. مەركىنەنىڭ بۈگۈنكى چۈشىنىكسىز قىلىقلىرى نىغمەتنىڭ كاللىسىغا بىرمۇنچە چۈشىنىكسىز سوئاللارنى قالدۇرۇپ قويغانىدى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن نىغمەت مەركىنەگە تېلېفون قىلدى. ئۆتكەنكى ئىشتىن كېيىن نىغمەت مەركىنەنىڭ مەقسىتىنى ئانچە-مۇنچە چۈشىنىپ قالغانىدى.

— بۈگۈن قۇتلۇق كۈن. بۇنى ھېلى بىلىپ قالىسىز مەن سىزنى مەكتەپنىڭ قەھۋەخانىسىدا ساقلايمەن. چوقۇم كېلىڭ-ھە؟

مەركىنە چىداپ ئىككى ھەپتە نىغمەت بىلەن ئالاقىلەشمىگەنىدى. بۈگۈن «ئويۇن»نىڭ ئازراق بولسىمۇ نەتىجىسىنى كۆرگەنلىكىدىن خۇشاللاندى ھەم تەييارلىقنى قىلىپ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ قەھۋەخانىغا ماڭدى.

— كەلدىڭمۇ؟ ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئوبدان تۇرغانسەن؟

— ياخشى. قارىسام سەنمۇ ياخشى تۇرغاندەك قىلىسەن.

مەنىلىك سالامدىن كېيىن ھەر ئىككەيلەن بىر دەم گەپ-سۆز قىلىشماي تۇردى. ئاندىن مەركىنە «ھەممە ئاشىقلارنىڭ بايرىمى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى بولسا بىزنىڭ 1-ئاينىڭ 14-بولامدا؟!» دېگەچ چىرايلىق بىر كوروپكىنى نىغمەتكە سۇندى. نىغمەت كوروپكىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇرۇپ قالغان بىر تال ئەتىرگۈلنى كۆردى.

ئەسلى نىغمەت ئاشىقلار بايرىمىنى ئالدىغا سۈرۈپ مەركىنەگە بايراملىق شاكىلات ۋە بىر تال ئەتىر گۈل ئېلىپ بەرگەنىدى. مەركىنە ئەينى چاغدىكى ۋەدىسى بويىچە گۈل قۇرۇپ قالسىمۇ كىتابىنىڭ ئىچىدە ساقلىغانىدى.

— بىز 2-ئاينىڭ 14-كۈنى ئەتىل قىلىپ يۇرتىمىزغا كېتىپ قالىدىكەنمىز. بىر شەھەردە بولمىغاندىن كېيىن شۇنداق ياخشى بىر بايرامنى ئۆتكۈزەلمەي قالغۇدەكمىز. شۇڭا مەن 1-ئاينىڭ 14-كۈنىگە ئۆزگەرتىۋەتتىم، — نىغمەت بىر گۈللۈك قاپنى مەركىنەگە سۇندى. مەركىنە قاپنى ئېچىپ بىر يىل ئاۋال نىغمەتكە بەرگەن سۈرىتىنى كۆردى.

نىغمەت بۇنداق ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى ۋىجدانىنى سوتلاپ، ئۆز — ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىدى ھەم مەركىنەدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئەپلىشىپ قېلىشنىمۇ كاللىسىغا كەلتۈرۈپ تۇردى. ئەمما ئۇ «مۇناسىۋىتىمىز ھامان ئىلگىرىكىدەك ياخشى بولمايدۇ، ئارىمىزدا مېھىر-مۇھەببەت قالمىدى» دەپلا ئويلايتتى. يەنە بۈگۈنكىدەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە چىداپ تۇرالماي ئىلگىرى مەركىنەگە يېزىپ قويغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئېغىر كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بەرمىگەن خېتىنى ئاستا ئۇنىڭ ئالدىغا سۇنۇپ، — ۋاقتىڭنى ئېلىپ قويدۇم ھە، — دېگىنىچە ئالدىدىكى قەھۋەنى ئىچىۋېتىپ، نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## ئاددىي خەت

مەركىنە سەن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىۋاتىسەن، پۈتۈن زېھنىڭنى،

يۈرىكىڭنى سىرپ قىلىۋاتىسەن. ساڭا كۆپ رەھمەت. بىلمەن، مېنىڭ سەندىن نىمىشقا ئايرىلىپ كەتكىنىم ھازىرغىچە كاللامدا ئېنىق ئەمەس. ئەمدى دېمىسەم بولمايدىغان يەرگە بېرىپ قالدى. توغرا، ئىككىمىز ئىلگىرى ھەقىقەتەن ئىناق، ساپ ۋە ئايرىلماس بولۇپ ئۆتكەن. ھەممە بىزگە ھەۋەس قىلاتتى. مەنمۇ سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم، مۇھەببىتىڭنى شۇنچىلىك پاك، غۇبارسىز دەپ ئويلايتتىم، سەن كۆزۈمگە نۇقسانسىز، ئېۋەنسىز كۆرۈنەتتىڭ. بىراق ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەگ دەسلەپ ئۆزۈڭ ئۇششۇك تەككۈزدۇڭ. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە باشقا بىرەيلەن ساڭا كۈندە تېلېفون قىلىدىغان بولدى. سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن دائىم سۆزلىشىدىغان بولۇۋالدىڭ، تېخى بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشقان بولدۇڭ. ھەتتا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولدى. قىزىق يېرى ئۇمۇ ئاتا-ئاناڭنىڭ دوستىنىڭ بالىسى ئىكەن. ئەمما سۆيۈندىغىنىم، سەن ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلسىلا ماڭا ئېيتاتتىڭ، نېمە دېيىشكىنىڭنى دەپ بېرەتتىڭ، (ماڭا قىلىشقان پاراڭلىرىڭنىڭ ھەممىنى قويماي دەپ بېرەمتىڭ ياكى تاللاپ دەپ بېرەمتىڭ ئۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ...) لېكىن، ئەمدى ئالاقىنى توختات، دېسەم پەقەت ئۇنداق قىلالمىدىڭ. ھەتتا، «ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسىكەن، ماڭا ۋاقىت بەر. ئىككىڭلاردىن بىرنى تاللىۋالاي» دېدىڭ. مۇشۇ ئىش توغرىلىق بىز كۆپ سوقۇشۇپ كەتتۇق. سەن مەن بىلەن يۈرۈشتىن بۇرۇنلا «مەن ھەرگىز يۈرگىنىم بىلەن سوقۇشمايمەن، ئوغۇل بالا بىلەن سوقۇشقان قىز ياخشى قىز ئەمەس» دەيتتىڭ. مەنمۇ «مەن ھەرگىز يۈرگەن قىزىمنى يىغلاتمايمەن، كۆزىدىن ھەرگىز ياش ئاققۇزمايمەن» دەيتتىم. لېكىن ئىككىلىمىز بۇ ئىشلارنى قىلالمىدۇق. ئاقىۋەت سوقۇشۇش بارا-بارا كۈندە قىلىدىغان ئىشىمىز بولۇپ قالدى. ھۆرمەت، ئىززەت دېگەنلەر ئارىمىزدا قۇرىدى. مەن كۆپ چىدىدىم، ئۇڭشىلىپ كېتىشىڭنى كۈتتۇم. ئويلىغىنىمدەك، سەنمۇ كېيىن گۇناھىڭنى تونۇپ ئۇنىڭدىن ئالاقىڭنى ئۈزۈپ تۈزىلىپ كەتتىڭ، (ئەمما مەن خېلىغىچە ئۇنىڭدىن ئالاقىڭنى ئۈزۈۋىتىشىڭگە نېمىنىڭ سەۋەپ بولغانلىقىنى بىلمەي يۈردۈم. لېكىن سۈرۈشتۈرمىدىم. نىمىشقا؟... يەنىلا سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاۋايلىدىم.) لېكىن كېيىن ماڭىمۇ ئاتا-ئانامنىڭ دوستىنىڭ قىزى ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى دەپ ئولتۇرمىساممۇ بىلىسەن. مانا ھازىر ئىككىمىز دۈشمەن بولۇپ قالاي دېدۇق. مەنمۇ كۆڭلۈڭگە يەتكۈچە ئازار بەردىم، سېنى كۆپ يىغلاتتىم، سەنمۇ مەن بىلەن يەتكىچە جېدەللەشتىڭ. سوقۇشتۇڭ...

سەن مېنىڭ سېنى يىغلاتقىنىمنى ھەرگىز ئۇنۇتمايسەن. مەن سېنىڭ مەن بىلەن دائىم جېدەللىشىپ سوقۇشىدىغىنىڭنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن. مۇشۇ ھالەتلارلا ئارىمىزدا بولىدىكەن مۇناسىۋىتىمىز تەتۈر يۆلىنىشكە ماڭسا ماڭىدۇكى ھەرگىز ياخشىلانمايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ يېنىشالماسلىقىمىزدىكى سەۋەپ. قانداقلا قىلغان بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ھەرگىز ئىلگىرىكىدەك ياخشى بولالمايدۇ، ئۇ كۈنلەر مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ مەركىنە ... سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك گۇناھ ئىككىلىمىزدە بار. سېنىڭ دېگىنىڭدەك ئادەم راستىلا خام سۈت ئەمگەنىكەن. ئاخىرىدا مېنى چۈشىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەير-خوش، ئامان بول!...

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مەركىنە قاتتىق ئازابلاندى، خۇددى ئۇ دۇنيادا يالغۇزلا قالغاندەك، ھەممە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك، جىمى ئادەم كۈلۈپ، پەقەت ئۇلا يىغلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ تىنچلانغۇسى، بۇ نەس يىغنى توختاتقۇسى كېلەتتى. ئېغىزنى قولى بىلەن چىڭ ئېتىۋالغىنى بىلەنمۇ ئېچەكلىرى تىترەپ كۆزلىرىدىن

ياش قۇيۇلاتتى. ئۇ بىر ياقتىن يىغلايتتى، بىر ياقتىن سومكىسىدىن قەغەز قەلەم ئېلىپ خەتنىڭ كەينىگە:

«مەن ‹ئادەم خام سۈت ئەمگەنىكەن› دېگەن گەپكە بەك ئۆچ بولدۇم. بىراق ئادەم راستىلا شۇنداق نەرسىكەن. يېنىدا بار چېغىدا قەدرىگە يەتمەيدىكەن. كەتكەندە بولسا كۆڭلى يىغلاپ ئولتۇرغىنى بىلەن ئورنىغا كەلمەيدىكەن. بىراق مەن ئۆكۈنمەيمەن. ھەم پۇشايمانمۇ قىلمايمەن. مەن يەنە بەختلىك، دىلارەگە ئوخشاش نۇرغۇن قىزلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ، بىراق مەن ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن بىر يىل يۈردۈم. ساڭا بەخت تىلەيمەن نىغمەت. سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى بالا. ھەممە قىزلارنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بالا. مەن سېنىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولۇشىڭنى، مەندىنمۇ ياخشى، ئەخلاقلىق قىزغا ئۇچرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. سەن ئەسكى قىزغا ئۇچراپ قالساڭ مەن چىدىمايمەن نىغمەت... خەير، ئامان بول » دەپ يازماقتا ئىدى...

ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ھەممىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ، خەتنى تەقلەپ قويۇپ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى.

خىيال ـ ئازاب تارتقاندا، يالغۇزلۇق تارتقاندا، ھەسرەتلەنگەندە بىزگە ھەمراھ: خۇشاللانغاندا، ھاياجانلانغاندىمۇ يەنىلا بىز بىلەن بىللە. ئۇ بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز.

مەركىنەنىڭ كاللىسىنى يەنە خىيال قاپلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ، چۈشىمۇ، رىئاللىقمۇ، چۈشكۈنلۈكمۇ، غايە ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلارمۇ بار...، «سەن ئاچچىقىڭغا پايلىمايلا چوڭ زىيانلارنى تارتتۇالىسەن. بىر ئىشلارغا سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ئۆزۈڭنى توختىتىۋېلىپ ،ئازراق ئويلانساڭلا بۇنچىلىك قايناشنىڭ ھاجىتى يوق ئىشلارغۇ بۇ... » مەركىنە ئۇرۇشقان چاغلىرىنى ئەسكە ئالدى.

ھەم نىغمەتنىڭ ئۇ گەپلىرىنى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ ئىش قىلىپ، خەتنى ھازىر بېرىۋەتمەسلىك، «ئويۇن» نى تولۇق ئوينىۋېتىش قارارىغا كەلدى ...

ـ نىغمەتما؟ مەن مەركىنە. مەن سەن بەرگەن سائەتنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى، سائەت ئىككى يېرىملار بىلەن كۆرۈشەلەرمىزمۇ؟...

ـ بۇ نەرسىنىڭ ۋاقتى توغرا كەلمەي قالدىمۇ، تېخى ئۈچ ئاي بارغۇ؟... ـ نىغمەت مەركىنەنىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقىنىنى بىلىپ بولغانىدى.

ـ ئاي كۈن ئۆزگەرگەن بىلەن ۋاقىت ـ سائىتى، ئورنى ئۆزگەرمىدى، ـ دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى مەركىنە.

مەركىنە تاغ باغرىدىكى راۋاقتا ئولتۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي نىغمەت كەلدى.

ـ قارىغىنە، نېمىدېگەن چىرايلىق... قارا، ياپ ـ يېشىل دەرەخ، كۆپ ـ كۆك ئاسمان، زۇمرەتتەك سۇ...، ھەي، سەن مېنى قاچان قېيىققا ئېلىپ چىقىپ ئوينىتىسەن؟

ـ مەركىنە، ئۇنداق قىلمىغىن، ھازىر دېگەن بىرىنچى ئاي، ھەممە يەر قار بىلەن قاپلانغان تۇرسا، نەدىكەن ئۇ ياپ ـ يېشىل دەرەخ، زۇمرەتتەك سۇلار.

نىغمەت: «ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. سېنىڭ بۇ ھالىتىڭنى كۆرسەم بەك ئازابلىنىپ كېتىدىكەنمەن. ئۆزۈمگە ئۆچلۈكۈم كېلىدىكەن» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن دېمەكچى بولغىنىنى يۇتۇۋەتتى.

مەركىنەنىڭ كۆزىگە لىق ياش كەلدى. بىراق، ئۇ يىغلىماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا، كۆپ غەيرەت قىلدى ھەم ئۆزىنى بەك تۇتتۇالدى.

ـ مە، بۇ سائىتىڭ، سەن «بۇنى ئۇستىلىڭگە تىزىپ قوي» دېگەنىدىڭ. سەن يەنە « مەن ساڭا گۈل

ئەكەلمىدىم. گۈلنى يا ئىشلەتكىلى بولمىسا، نەچچە كۈندىن كېيىن قۇرۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭدىن ساڭا دائىم لازىم بولىدىغان نەرسىلەردىن ئالغىنىم تۈزۈككەن، دەپ بۇنى ئالدىم» دېگەنىدىڭ...

- بولدى گەپ قىلما، بۇ سەن بەرگەن پورتمال بىلەن تاسما، مەن سېنى يېنىمدا چىڭ ساقلىيالمىدىم، بىلمىنىمۇ مەھكەم باغلىيالمىدىم، مېنى كەچۈر،- نىغمەت كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتمەكچى بولىۋېدى، مەركىنە ئۇنى توختىتىۋالدى.

- توختا، خېتىڭنى ئېلىپ كەت.

مەركىنە ئالدىنقى كۈنى تەقلەپ قويغان خەتنى بېرىۋەتتى. نىغمەت خەتنى ئېلىپ شۇ يەردىلا ئوقۇشقا باشلىدى. مەركىنە ئاستا ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدى...

نىغمەت خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدىدىكى مۇز تۇتۇپ كەتكەن كۆلگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

......

كېچە، ھەممە ئۇيقۇدا. ئاي، يۇلتۇز ۋە بىر جۈپ ياشنىڭ كۆزلىرىلا پال-پال قىلىپ تۇرىدۇ. چەكسىز خىياللار، قىيىن سوئاللار، تۈگىمەس «نىمىشقا...؟» لار ئۇلارنى قىينىماقتا. يۈرىكىنى ھەرە بولۇپ چاقماقتا...، ئۇلار ئۈن تۈنسىز بىر-بىرىگە مونولوگ قىلماقتا...

مەركىنە ئويلايتتى: «نىغمەت، مەن كۆپ كۈچىدىم. بىراق سەن تەسىرلەنمىدىڭ. باغرىڭ تاش بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. خېتىڭدىن قارىسام ھېلىقى بالىنىڭ ئىشى كۆڭلۈڭگە بەكلا تېگىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. شۇڭا گۈلزارنىڭ ئىشىدا سېنى ئەيىبلىيەلمەيمەن. بىراق ماڭا بىر نەرسە ئېنىق مەن ئۇتتۇردۇم، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرالمىدىم.»

نىغمەت ئويلايتتى: «غەيرەتلىككەنسەن مەركىنە. مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن خېلى قۇربانلىقلارنى بەردىڭ. بۇ جەھەتتە مەن ساڭا ھەقىقەتەن قايىل. بىراق ئىككىمىزنىڭ ئىشنى قانداقتۇ ھېلىقى بالىدىن، ياكى گۈلزاردىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. سەندىنمۇ، مەندىنمۇ كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئەمسە زادى نېمىدىن كۆرىمىز؟... بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم سەنمۇ دەپ بېرەلمەيسەن. تەن ئالىمەن، مەن ھەقىقەتەن ساڭا بەك قاتتىقلىق قىلىۋەتتىم. بىراق...، نىمىشقا شۇنداق قىلىدىغىنىمنى بىلمەيمەن. نېمىشقا ‹زادى ئايرىلىپ كېتىشىمىز كېرەك› دەپ تۇرىۋالدىغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم ئايرىلماسلىقىمىز كېرەكتۇ...»

ئەتىسى كەچ بولغاندا مەركىنە يەنە نىغمەتكە تېلېفون قىلدى.

- قانداق ئەھۋالىڭ؟ پەسكە چۈشكىن، بېرىدىغان نەرسە بار.

- نى..نېمە؟ نەگە چۈشىمەن،- نىغمەت تەمترەپ گېپىنى تاپالماي قالدى.

-خاتىرجەم بول ئەمدى ساڭا چاپلىشىۋالىدىغان مەركىنە يوق. مەن دەرىزەڭنىڭ ئالدىدىلا،- ئۇ تېلېفوننى قويىۋەتتى.

- مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس..،-ئۇ يۈگۈرگەنچە پەسكە چۈشتى. پەستە مەركىنە ئۆزى بىلەن تەڭ قونچاقنى قۇچاقلاپ تۇراتتى.

- سوۋغاتلىرىڭنىڭمۇ ھەممىسىنى بېرىپ بولدۇم. ئال، بۇ سەن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە بەرگەن سوغىتىڭ. ئەسلى بۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەي دېگەنىدىم. بىراق يەنە ساقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ،- مەركىنە ئەڭ ئامراق قونچىقىنى نىغمەتكە سۇندى،- ئەينى چاغدا مەن بۇ يوغان سوۋغاتنى تولىمۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ياتاققا ئېلىپ كىرگەنىدىم، ئۇنى كۈندە قۇچاقلاپ ياتاتتىم. سوۋغىمۇ تۈگىدى. پۇرسەتمۇ تۈگىدى. ئىككىمىزنىڭ ئىشىمۇ تۈگەپ كەتسۇن.

- ياق پۇرسەت تۇگىمىدى. بىردەم تۇرۇپ تۇر، كەتمە ھە.

نىغمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ھەمدە يۇگۇرگەن پېتى ياتىقىغا كىرىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چۇشتە تەييارلاپ قويغان بىر دەستە ئەتىرگۇلنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

- مەركىنە، مەن سىنى ھەرگىز يىغلىتىپ كىرگۇزىۋەتمەيمەن. ئەينى چاغدا قانداق ھاياجان بىلەن مەغرۇر كىرىپ كەتكەن بولساڭ، ھازىرمۇ شۇنداق كىرىشىڭنى ئۆتىنىمەن، بولامدۇ؟!- ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىيتتى، ئاۋازلىرى تىترەيتتى...

- بۇ 13تال ئەتىرگۇل،300 تال ئالالمىدىم. سەن ئابلىزغا «ئۇ ماڭا 300 تال ئەتىرگۇل ئېلىپ بەرسە ئاندىن يۇرىمەن» دەپتىكەنسەن، مەندە ئۇنچىلىك كۆپ پۇل بولمىغاچقا مۇشۇنچىلىكلا ئالدىم. بىراق بۇلارنىڭ 300 تال ياپرىقى بار، مەن ساناپ چىقتىم. راس، مەركىنە كۆڭلۇمنى قوبۇل قىلغىن،- نىغمەتنىڭ كۆزىدىنمۇ ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.

ھەي ياش! سەنمۇ قىزىق ھە؟! كىشى ئازابلانسىمۇ ئاقسەن، خۇشاللانسىمۇ ئاقسەن، ئۆزۈڭ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن ئالەمچە سىرلىقسەن.

- مەن ئۇ چاغدا چاقچاق قىلىپ قويغان. مەن گۇلۇڭنى نېمە قىلىمەن، ماڭا مۇھەببىتىڭ بولسىلا كۇپايە ئەمەسمىدى؟- مەركىنە كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئېرىپ كەتتى،- ئابلىزمۇ قىزىقچىكەن. ئەمىسە سىز باغۋەن بىلەن يۇرسىڭىز بولغىدەك دەيدۇ تېخى.

ئۇنىڭ كۆزى يىغلايتتى. ئېغىزى، دىلى كۇلەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ خېلىدىن بېرى زارىقىپ كۇتكەن مۇھەببىتىگە ئېرىشتى. مۇشۇنداق كۇنلەرنىڭ كېلىشىنى ئۇ تولىمۇ ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدى...

مەركىنە نىغمەتنىڭ قولىدىكى بىر دەستە گۇلگە، تويۇپ تويۇپ قارىۋالدى ۋە نىغمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ:

- رەخمەت...، بىراق مەن قوبۇل قىلالمايمەن. مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشسۇن،- دەپلا كەينىگە ئۆرۈلۇپ ئېغىزىنى قاماللاپ يىغلىغىنىچە يۇگۇرۇپ كىرىپ كەتتى. چۈنكى نىغمەتنىڭ قىلغانلىرى ئۇنىڭ قاتتىق غۇرۇرىغا تەگكەندى.

- مەن ئېرىشتىم، ماڭا مۇشۇ بولسىلا كۇپايە،- دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

2007-يىل فېۋرال

************************************************************

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قىبلىنامىسى:

ھەممىمىزگە گۈزەللىك يار بولغاي، بىلگىنىمىز بىلەن قىلغىنىمىز بىر بولغاي

中央民族大学校训：美美与共 知行合一




ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. ياز كۈنلىرى ئەتىگەنىدە قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھويلىمىزدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئەڭ ئۈچىدىكى قارايغان ئۈجمىلەرنى «توك، توك» قىلىپ چوقۇشۇشى بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتىم. كىيىملىرىمنىمۇ چالا-پۇلا كىيىپ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتىم. بۇ چاغدا ئانامنىڭ تاپا-تەنىسىگە ئۇچرىشىم ئېنىق ئىدى.

- ھەي، ياغاچ قۇلاق، ساڭا قانچە قېتىم دەيمەن، قىز بالا دېگەن ئۇنداق بەتباش بولمايدىغان، تېز كىيىمىڭنى كىيىپ چىق!

شۇنىڭ بىلەن ئانامغا دومسايغىنىمچە ئۆيگە كىرىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن كىيىمىمنى كىيىپ چىقاتتىم-دە، يۈگۈرگىنىمچە ئۈجمىگە يامىشاتتىم. تولا يامىشىۋەرگەچكىمىكىن پۇت-قولۇم چاققان ئىدى. ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئۈجمىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالاتتىم. قولىدا سۈپۈرگە تۇتقان ئانام يەنە كوتۇلداشقا باشلايتتى.

- ساڭا قاچانمۇ ئەس ئۆگىتىپ بولارمەن. ئوغۇل بالىمۇ سەندەك بولماس، ئۇنداق ئېگىزگە چىقىۋالما، گەپ ئاڭلا.

«ھەي، ئانامنىڭ بۇ ۋايساشلىرىدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟» دەيتتىم ئىچىمدە ھەم پەرۋاسىزلارچە ئانامغا قاراپمۇ قويماستىن، ئەڭ ئۈچىدىكى قاپقارا ئۈجمىلەرنى تاللاپ يەيتتىم. بەزىدە ئۈجمىنىڭ ئۈچىدىكى قۇشلارغا قاراپ «ئەگەر قۇش بولغان بولسام ئانامغا تۇتۇق بەرمەي قاچاتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئانام توۋلاپ-توۋلاپ ھېرىپ قالاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق تاپا-تەنىلەرنى كىمگە دەيتتىكىن-تاڭ؟» ئۆزۈمچە ئويلىغانلىرىمدىن خۇشاللىنىپ كېتەتتىم. ئۈجمىنى تويغۇچە يەپ ئاغزى-بۇرنۇمنى قاپقارا بوياپ ئۈجمىدىن چۈشەتتىم. چۈشكەن پېتىم چېچى ئۇچتەك ئاقارغان مومامنىڭ قۇچىقىغا يۈگۈرەيتتىم. چۈنكى بىز ئاچا-سىڭىللار مومامنىڭ چۆچەكلىرىگە ھېرىسمەن ئىدۇق. «چىن تۆمۈر باتۇر»، «زۇمرەت ۋە قىممەت»، «بۆرە كەلدى»، «بىچارە قوزىچاق» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مومامدىن ئاڭلىغان ئىدۇق. بەزىدە مومام ھويلىمىزدىكى ئۈجمىگە قاراپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. «بىز مومام چوقۇم تېخىمۇ ياخشى چۆچەكلەرنى ئويلاۋاتىدۇ» دەپ، قارلىغاچ باللىرى ئانا قارلىغاچ ئاغزىغا تەلمۈرگەندەك

تەلمۈرۈپ كېتەتتۇق. لېكىن مومام ئۈن ـ تۈنسىز، چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مەن مومامنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. بۇ مېنىڭ باللىق قەلبىمدە بىر تۈگۈن پەيدا قىلغانىدى.

كېيىن بىز ئاچا ـ سىڭىل كەينى ـ كەينىدىن مەكتەپكە كىردۇق. خېلى ئىش ئۇققۇدەك ۋاقىتلىرىم ئىدى. بىر كۈنى كۆڭلۈمدىكى ئەشۇ يېشىلمىگەن تۈگۈننى ئېيتىش قارارىغا كەلدىم ـ دە، مومامغا دېدىم:

ـ موما، سىز مۇشۇ قېرى ئۈجمىگە قارىسىڭىزلا چوڭقۇر ئۇھ تارتىسىز، ئەجىبا بۇ قېرى ئۈجمىدە بىز بىلمەيدىغان بىرەر سىر بارمۇ قانداق؟

ـ بالام، ئاڭلاشنى خالامسەن؟

مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. مومام بولسا يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش سىنچى كۆزلىرىنى قېرى ئۈجمىگە تىكتى.

ـ بالام، سەن بۇ ئۈجمىنىڭ قانچىلىك تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

ـ بوۋام 85 يېشىدا تۈگەپ كەتكەن بولسا، ئۇ تۈگەپ كەتكىلىمۇ ئون يىلچە بولاي دېدى، چوقۇم 100 يىلچە بولاي دېدىغۇ دەيمەن ؟!

ـ توغرا ئېيتتىڭ ! بۇ ئۈجمىگە توپتوغرا 103 يىل بوپتۇ. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بوۋاڭ بىلەن ئىككىمىز بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ باللىرى ئىدۇق. كىچىك چېغىمدا داۋاملىق بوۋاڭلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئوينايدىغان، شۇ ۋاقىتتا مەن بۇ ئۈجمىنىڭ ئۇلۇغ بوۋاڭ تەرىپىدىن قويۇلغانلىقىنى ھەم بۇ توغرىسىدا بەزى گەپلەرنىمۇ ئاڭلىغانىدىم.

ـ قانداق گەپ ئۇ موما ؟

ـ بۇرۇن بىزنىڭ يېزىدىكىلەر تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىدىكەن. تاغ بەك يىراق بولغاچقا بىر بېرىپ كەلگۈچە ئىككى ـ ئۈچ كۈن كېتىدىكەن. ئۇلۇغ بوۋاڭ ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، دەل ئۈجمە پىششىقى مەزگىلىدە ئوتۇنغا بېرىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا، سەنمۇ بىلىسەن قورساق مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان مەزگىل. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئۇلۇغ بوۋاڭنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ھالسىراتقىلى تۇرۇپتۇ. ئادەم ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلىگىنى بىلەن ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بەرمىكى قىيىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ بوۋاڭ ئەتراپتىن سۇ ئىزدەشكە باشلاپتۇ ۋە يېقىن ئەتراپتىكى بىر تۈپ كىچىك ئۈجمىنى كۆرۈپ ئېغىر ياردار قۇتقۇزۇۋۇشقا ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈجمىنى يېگەندىن كېيىن ئۇسسۇزلۇقمۇ قېنىپتۇ. قورسىقىمۇ تويغاندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ بوۋاڭ ئۇنىڭدىن ئالغاچ كېتىپ تىكىپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغان ـ دە !

مەن مومامغا قارىدىم. گەپ قىلىش ئۈچۈن تەمشەلدىمىيۇ، ئۆزۈمنى توختىتىۋالدىم. چۈنكى، مومامنىڭ بۇ ئۈجمە توغرىلىق تېخىمۇ كۆپ سۆزلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ـ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر ئۈجمە پىشىپ مېۋىسى تۆكۈلسە كىشىنىڭ گۇناھى يۇيۇلۇپ كېتەرمىش. مېۋىسىنى خەقلەر يېسە ساۋاپ بولارمىش. بوۋاڭ ئىككىمىزنىڭ باللىقىمۇ مۇشۇ دەرەخ تۈۋىدە ئۆتكەن. كېيىن ئۇلۇغ بوۋاڭ تۈگەپ كېتىش ئالدىدا بۇ ئۈجمىنى كەسمەسلىكنى قايتا ـ قايتا جېكىلىدى. بۇ ئۈجمە بوۋاڭ ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ شاھىدى ئىدى، كېيىن بوۋاڭمۇ تۈگەپ كەتتى. مەن بۇ ئۈجمىگە قارىسىلا بوۋاڭنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالىدۇ، خۇددى بۇ ئۈجمە ئۇلار بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەندەكلا ھېس قىلىپ قالىمەن.

ـ موما، ئۇنداقتا سىز ھازىرمۇ بوۋامنى ئەسلەيدىكەنسىز ـ دە، مەن قىزىقىپ سورىدىم. موموم

چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. مەن بۇ قېرى ئۇجمىگە ھۆرمەت نەزىرىم بىلەن قارىدىم . چۈنكى، مىنىڭ بالىلىقىمۇ بۇ قېرى دەرەختىن ئايرىلغان ئەمەس.

ھازىر ھەر قېتىم بۇ ئۇجمىگە قارىغىنىمدا، بوۋامنىڭ ئاق كۆڭلەك ئۇستىگە چىگمۇالغان پوتىسى، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بولسىمۇ، داۋاملىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى، ئۇزۇن ساقىلى، موماممنىڭ ئۇچىنەك ئاقارغان چاچلىرى ۋە توختىماي ئۇھ تارتىشلىرى يادىمغا كېلىدۇ. ئۇلار ھەممىسى كەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرى بىزنىڭ ھويلىمىزدىن چىقىپ كەتكىنى يوق. ھازىر بۇ ئۇجمە ئالىلقاچان قۇچاق يەتكۈسىز دەرىجىدە يوغىناپ كەتتى.

دادام بىر كۈنى ھەرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇجمىنىڭ بىر شېخىنى كەسكىلى تۇرۇپتۇ. مەن يىلىنىش ئاھاڭىدا دادامغا دېدىم:

— دادا،كەسمەڭ! موماممنىڭ روھى بار، موماممنى سېغىنىپ ئۇنىڭغا قارىسام شۇنداق خۇش بولىمەن. كەسمەڭ دادا، ئۇنىڭدا مېنىڭ بالىلىقىم، سىزنىڭ، بوۋامنىڭ بالىلىقىنىڭ ئىزناسى بار. بىچارە ئۇلۇغ بوۋامنىڭ قان ـ تەرى بار، جېنىم دادا، كەسمەڭ!

ئەزەلدىن كۆز يېشى قىلمايدىغان دادامنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. مەن بىلىمەن، دادامنىڭ بۇ ئۇجمىگە بولغان مۇھەببىتى مېنىڭدىنمۇ كۈچلۈك. بۇرۇلۇپ ئۇجمىگە قارىدىم . ئۇ ھېچنەرسىنى سەزمىگەندەك مەغرۇر تۇراتتى. مېنىڭ بولسا، ئۇنىڭغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىم كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى.



يۇقۇرىدىكى ھۆسنخەتنى 2006 يىللىق سىنىپتىن ئۆمەرجان ئىسمايىل ئارتۇچى يازغان.

# ئاسىياغا ساياھەت

ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر (2008)




ئاسىيانىڭ كىندىكى (ئاسىيانىڭ كىندىك قېنى يالقۇنتاغقا تۆكۈلگەنمىكىن) تەڭرى تاغلىرى بۇ زېمىنغا قېقىلغان قوزۇق. تەڭرى تاغ باغرىدا تۇرىمەن، بۇغدا چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپىمغا قارىدىم. تۇرپان ئويمانلىقىدا دۆملىنىپ يېتىۋېرىشنى لايىق كۆرمىدىم، تەڭرى ئاتا قىلغان بىر جۈپ كۆزۈمگە قوشۇلغان كۆڭۈل كۆزۈم، ئاسىياغا قىلغان قىسقا سەپىرىمگە يېڭى ـ يېڭى مەنىلەرنى قوشتى. قېنى ئوقۇرمەن، سىزمۇ قەلب تېرەنلىكىدىن مەن بىلەن بىللە ئۆلۈغ ئوكيان① بويلىرىدىن، ئاخىرقى دېڭىزغىچە② سوزۇلۇپ ياتقان ئاسىيا قىتئەسىنى كېزىپ كۆرگەيسىز.

شەرقتە خۇاڭخې دەرياسى ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھەيۋەت بىلەن خېشى كارىدورىغا كىرىپ كەلدى، كۆكنۇر③ ۋادىلىرىدىن تارتىپ، تىلەن تاغلىرىغىچە④ بىر خىل تىترەك زېمىننى قاپلىدى، كۆردۈمكى، ئۆركەشلىگەن خۇاڭخې دەرياسى سۇ ۋە ھەيۋە بىلەن جۇڭخۇا تۇپرىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئوكيانغا قۇيۇلۇۋېتىپتۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بولمىش سەددىچىن سېپىلى تاغلاردىن باغلارغىچە ئۆز ئايىقىنى قويۇپ مەغرۇرانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

مەن شىمالغا قارىۋىدىم بىر زامانلاردا ئىلىك قاغان، كۆلتېكىنلەر ئوردا قىلغان ئورخۇن ـ يېنىسەي ۋادىلىرىنى، شىمالغا قاراپ ئېقىپ يەر ئانىنىڭ مېڭىسىنى سۇغىرىۋاتقان ئېرتىش سۇلىرىنى كۆردۈم. كەڭ كەتكەن ياپيېشىل سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى ـ «جىمى سوغۇقنىڭ مەنبەسى» دەپ ئاتالغان بۇ زېمىندا مەن توڭلىمىدىم. چۈنكى، بۇ زېمىندا ئەجدادلىرىمنىڭ قېنى بار، ئىزى بار. ھاياتى كۈچۈم ئۇرغۇپ تاشتى، بوۋىلىرىمنىڭ نامىنى ئېلىپ ئۇلۇغ خىتاب قىلدىم. خىتابىم داۋاملىشالمىدى، نەلەردىندۇر پەيدا بولغان ئېيىقلار ماڭا ھۆركىرەپ جەز قىلدى⑤. غەربكە قاراپ قاچتىم. كۆردۈمكى، بۇ جاي ئېيىق ئۇڭكۈرى بولۇپ قاپتۇ، بىراق، ئەجدادىمنىڭ مۇشۇ زېمىندا ياشىغانلىقى ھەقىقەت.

ئامۇ، سىر دەريالىرى ئۆز جېنىنى جان ئېتەلمەي ئاۋارە. كاسپى، ئارال دېڭىزلىرى مومامنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزىگە ئوخشاپ قاپتۇ، مەن بۇيەردە تۇرۇشنى خالىمىدىم. دەجلە ـ فىرات، ئەرەبىستاندىكى سالات. ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان تىمتاسلىق. شۇنىسى قىززىقكى، بۇ يەردە ئادەم كۆرمىدىم. «ئۆلۈك دېڭىز» مۇ راستىنلا ئۆلۈپ قالغان بولسا كېرەك، بۇرنۇم پۇرۇخ ھىدى بىلەن تولدى، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت چېچىۋېتىلگەن بىر قاچا ئېسىل تاماققا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆڭلۈم تارتىپ تۇرسىمۇ بۇ چالقىماقتىن ⑥ سەسكىنىشكە مەجبۇر بولدۇم.

جەنۇبقا قارىۋىدىم، ئالدىمدا ئېگىز تۇرساق پەيدا بولدى، ھالقىپ ئۆتتۈم، قۇرۇپ ماجالى قالمىغان ھىندى دەرياسى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى، تاجماھال مەقبەرىسى ئالدىدا ئۇسۇل ئويناۋاتقان يالىڭاچ ئايال، گانگې دەرياسىدا يۇيۇنۇۋاتقان يالىڭاچ ئادەم. خورلۇق ھېس قىلدىم. نەزىرىمنى يۆتكىدىم. سارۇېن دەرياسى بويىدىكى چوڭ بۇدساتۋا مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى. ئەتراپىمدىكى جانىۋارلار تەتۈر قارىۋېلىشتى. مىكونگ

دەرياسىغا تەلمۈردۈم. قورال تۇتۇۋالغان بىچارە «ئەسكەر باللار پىيادە» ⑦ نى ئېيتىپ غاڭزىسىغا ئوت ياقتى. دېڭىزلاردىن ھالقىدىم. شەرقتىكى قۇياش پارلاپ تۇرۇپتۇ. بىراق، ھېچبىر نۇرى يوق.

مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم. گۇناھقا مەھكۇم بولۇپ، يالڭاچ قالغان ئادەم ئاتىغا ئۆز تېكىنى بىلەن شىكەستە يەتكۈزۈپ، چۆلگە پالانغان چىلانلار، زېمىن ئانا جاي-جايلارغا قويغان قاراۋۇل قارىغايلار، ئەجدادلىرىمىز ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ پادىلىرىنى باقتۇرۇپ ئۆتكەن گۈزەل باركۆل يايلاقلىرى، بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھلىرى چۆرگىلەۋاتقان ئەسكەشەھەر ، ئالتىزاق خارابىلىرى تۈيۇقسىز خىيال ئېكرانىمدىن كەچتى. كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا ئىنسانلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا چەيلىنىپ ياتقان ئاقتاش يايلاقلىرى زار-زار يىغلاۋاتىدۇ. ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە يېتىمسىرەپ تۇرغان ھاسارلار⑧ ئاز-تولا زەخمە يېگەن بولسىمۇ، قەددىنى تىك تۇتۇپ كىشلەرگە ئاتام زاماندىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. قوغۇنچى قىز ئۈستىگە كىيدۈرۈلگەن كىچىككىنە سۇلياۋ ھەيكەل بولسا، مەنىستىمگەن ئەلپازدا بىلىنى تۇتۇپ، يالغان ھېجىيىۋاتىدۇ⑨. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى، ئارا يۇلتۇز⑩ جىلغىلىرىدىن سەنجاپار ئېغىزلىرىغىچە، نوم سەھرالىرىدىن بوغاز چۆللۈكلىرىگىچە بولغان مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيار. بۇ يۇرتنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىغىنىمدا مۇڭلۇق قۇمۇل غىجىكىنىڭ ئۈنى قۇلىقىمغا كىردى. يانلىرىمغا قارىۋىدىم، ھەممە: «غېرىپ بولدۇم، غېرىپ بولدۇم. غېرىپ بولغانغا يىغلايمەن... »دەپ ناخشا ئوقۇۋېتىپتۇ. شۇندىلا ئۆز-ئۆزۈمگە كېلىپ يۈرىكىمنى تۇتقىنىمدا، غېرىبلىق پۈتۈن بەدىنىمگە تارقاپ كېتىپتۇ. زېمىننىڭ تومۇرىنى تۇتقىنىمدا، بۇ غېرىبلىق زېمىننىڭمۇ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ئۈنسىز يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

مانا بۇ ئاسىيانىڭ كىچىككىنە بىر بۇرجىكى. ئاتام بىلەن بالام ئارىسىدا ئىككى خىيال بولۇپ پۈچۈلىنىۋاتقان، بىراق ئەپسۇسلانمايدىغان، باتۇرلارچە گۈزەل ئەتىنى، پارلاق قۇياشنى كۈتىۋالىدىغان قەيسەر بىر زېمىن...

مانا بۇ مەن كۆرگەن ئاسىيا.

******************************************

ئىزاھلار:

①ئۈلۈغ ئوكيان- تېنچ ئوكيان (ھازىرقى ئاتىلىشى)

②ئاخىرقى دېڭىز- ئادرىئاتىك دېڭىز (ھازىرقى ئاتىلىشى)

③كۆكنۇر- چىڭخەي (ھازىرقى ئاتىلىشى)

④تىلەن تېغى- چىلىيەنشەن (ھازىرقى ئاتىلىشى)

⑤جەز قىلماق- ھەيۋە قىلماق ،سۈر كۆرسەتمەك (قۇمۇل شېۋىسى)

⑥چالقىماق- ئېشىپ قالغان تاماق (قۇمۇل شېۋىسى)

⑦ئەسكەر باللار پىيادە- قومۇل خەلق تارىخى ناخشىلىرىدىن بىرى

⑧ھاسار- سېپىل (قۇمۇل شېۋىسى)

⑨بۇ جايدا 2006-يىللار ئەتراپىدا قۇمۇلنىڭ سىمۋولى بولمىش قوغۇنچى قىز ھەيكىلى ئۈستىگە كىيگۈزۈپ قويۇلغان سۇلياۋ ھەيكەل كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑩ئارا يۇلتۇز- قۇمۇلنىڭ شەرقى پاسلى شىڭشىڭشا

2006-يىل ئۈرۈمچى

# ئۆگىنىش ئېگى ـ نۇسرەتنىڭ تېگى

( نەسر )

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى

ئىنسان بۇ دۇنياغا مۇشۇنداق بىر ئىنسان سۈپىتى بىلەن تۆرەلگەنىكەن، ياشىشى كېرەك، ياشىغاندىمۇ ئىنسانغا مۇناسىپ رەۋىشتە ياخشى ياشىشى كېرەك. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ياشاش، ياشىغاندىمۇ بار ئىمكان بىلەن ياخشى ياشاش ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن بىر مەجبۇرىيەتتۇر.

ھالبۇكى، ياشام مەجبۇرىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىپ، ياخشى ياشاشنى ئويلىغان ئادەم ئالدى بىلەن جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەككى، ئۆگىنىش تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ ۋە زۆرۈر مەسئۇلىيەتتۇر.

شۇنداق، ئۆگىنىش ـ ھەر قانداق ئادەم بۇ دۇنيادىكى ياشام يولىدا دۇچ كېلىدىغان تۇنجى ئۆتكەلكى، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلىسەڭ، تاللىنىپ ياشاپ قالىسەن؛ ئۆتەلمىسەڭ، شاللىنىپ سەپتىن قالىسەن: بوۋاقنىڭ ئانىنى ئېمىشنى بىلىشى ئۆگىنىشكە باغلىق؛ سەبىي بالىنىڭ ئۆمىلەشنى، مېڭىشنى بىلىشىمۇ ئوخشاشلا ئۆگىنىشكە تالىق. ئەقىل يېشىدىكى ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ، كامالەت تېپىپ، يېتۈك بىر مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشيالىشى ئاداققى جەھەتتە يەنىلا ئۆگىنىشكە قاراشلىق.

ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلىق ياشام بىلىكلىرىنى بىلىشنى، تۇرمۇش ھۈنەر ـ سەنئەتلىرىنى پەم قىلىشنى ۋە ھاياتلىق تېخنىكىسىنى ئىدراك قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق، دۇنيا ھاياتىنى ھەقلىق رەۋىشتە مەنىدار قىلىشنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلىدۇكى، ئۆگىنىش ـ ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ نەرخ ـ باھاسىنى بىلىشى، ئاندىن دۇنيانى، دۇنيا ياشامىنى بىلىپ يېتىشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈر قاتتىق دېتالى؛ ئۇنىڭغا، يەنى ئۆگىنىشكە مۇجەسسەمدۇر دۇنيادا ياشاشنىڭ، ھايات كەچۈرۈشنىڭ پۈتكۈل چارىسى، تەدبىرى ۋە ھەممە ئامالى.

ھالبۇكى، ئۆگىنىشنى خالىمىغان، ئۆگەنمىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلەلمەيدۇ؛ ئۆگىنىشنى پەرز بىلمىگەن ئادەم بۇ دۇنيانى، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ؛ ئۆگىنىشنى ئۆزىگە بۇرچ بىلمىگەن ئادەم بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تېگى ـ پېيى بىلەن بىلىپ كېتەلمەيدۇ.

شۇنداق، ئۆگىنىش ـ ھەر قانداق ئىنسان بۇ دۇنيادا جەزمەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىرىنچى ۋە ئەڭ چوڭ مەجبۇرىيەتكى، بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتىمەي تۇرۇپ، ئىنسان ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسان بولالمايدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى ئايىتى «ئىقرا بىسمى رەببىكە (پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇ ـ ئۆگەن! )» دەپ نازىل بولغانىكەن. دېمەككى، ئىنسان ئۈچۈن، ئۆگىنىش ئەڭ مۇھىم، ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈر، ئۆگىنىش بەك مۇقەددەس؛ ياشامنى ئەھمىيەتلىك، تۇرمۇشنى مەنىلىك ۋە ھاياتنى قىممەتلىك قىلىدىغان قوراللار ئىچىدە، ئۆگىنىشنىڭ ئالدىغا ھېچ قانداقى مەڭگۈ ئۆتەلمەس!

ئۆگىنىش ــ ھەر قانداق ئىنساننى بۇ دۇنيادا ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ۋە راھەت ياشاش ئىمكانىغا ئىگە قىلىدىغان بىرىنچى بۈيۈك تەدبىر. «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ». ھالبۇكى، ئۆگىنىش ئېڭى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرالىغان، ئۆزىدە ئۆگىنىش ئېڭىنى تۇرغۇزالىغان ۋە ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرالىغان ئىنسان ئەمەلىيەتتە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالىغان ئىنسان بولىدۇ.

ئىنسانلىق سۈپىتىگە مۇناسىپ ياشاشنىڭ ئەمەلىيەتتە، ئۆزى ئۈچۈن بىر مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇغان ئىنساندا، ئۆگىنىش ئاچلىقى جۇلالاپ تۇرىدۇكى، ئۆگىنىش ئاچلىقىغا ساھىب بولغان ئىنسان ئۆزىنى غەلبە ــ نۇسرەتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغان ئىنسان ھېسابلىسا، ھەتتا ئۆزىنى غەلبە ــ نۇسرەتنىڭ يېرىمىنى قولىغا كەلتۈرۈپ بولغان ئىنسان سانىسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۆگىنىش ئاچلىقى ئىنسانغا ھەممىشە ئۆزلۈكسىز، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، مۇئەييەن بىر ئاڭ ئىنسان مېڭىسىدە تۈرتۈپرىپ سىسىپ كەتمەي، مۇناسىپ بىر ھەرىكەتكە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ئۇ مەلۇم نەتىجە كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاچلىق مەخلۇق ھېسابلىنىدىغان ئىنساندا، پەقەت ۋە پەقەت ئۆگىنىش ئاچلىقى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ غەلبە ــ نۇسرەت قازىنالايدۇ. ئاندىن ئۇ بۇ ئەمگەك ــ ئىجاد دۇنياسىدا ئىنساندەك ياشيالايدۇ، ئاندىن بۇ گۈزەل ھاياتنىڭ ھوسۇللۇق قەدىنى راسا چاقالايدۇ.

سىناپ باق، قېرىنداشىم سەنمۇ. كاللاڭدا ئۆگىنىش ئېڭىنى تۇرغۇز ۋە تىرىشىپ ئۆگەن. ئۆگىنىش ئېڭى بىلەن تۇرمۇش ئېتىكىنىڭ بېشىغا سالغىن سەن يۈگەن!

2008 ــ يىل 29 ــ دېكابىر.

# بىلدۈرگۈ

*ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئوقۇرمەنلەر!*

*مەزكۇر ژۇرنال مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكولتېتى ژۇرنال بۆلۈمى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئىچكى ژۇرنال بولۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ تارقىتىلىش ئوبيېكتى فاكولتېتىمىز ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقتىن، ھەر قانداق شەخسنىڭ، ھەر قانداق سەۋەب بىلەن ژۇرنىلىمىزنى كۆپەيتىپ بېسىشىغا، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز نامىدا مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىۋېلىشىغا بولمايدۇ. كەڭ ساۋاقداشلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى ياخشى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ، خىزمىتىمىزنى يېقىندىن قوللاش بىلەن بىرگە، يوقىرىدىكى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.*

# ئانا تىلىم

(نەسر)

ئاينۇرقىز مەمتىمىن (2007)



ئانا تىلىم ـ تاۋۇشلىرى تېنىمنى تىترەتكەن تىل؛ تەپتىدىن تاك تەبەسسۇمى تەپچىرىگەن تىل، تەسەۋۋۇرۇمنى تەقدىر تانىسىدىن تارتىپ، تەدبىر تانىسغا تاڭغان تىل، تاڭدىكى تابانىدىن تەرەققىيات تامچىلىرى تامغان تىل.

ئانا تىلىم ـ تاۋۇشلىرىڭنى تەبىئەت تامان تاراتقىنىمدا تەكەللۇمسىزمەن، تاۋۇشلىرىڭدا تىلسىملارنى تاپقىنىمدا تەئەججۇپسىزمەن، تاۋۇشلىرىڭدا تارىخ تىۋىشلىرىڭدىن تەجرىبىلەرنى تاسقىغىنىمدا تالاپەتسىزمەن.

ئانا تىلىم ـ تىلىمسىز تەندۇرۇسلىقىمدىن تەماسىزمەن، تىلىمسىز تىرىكلىكىمدىن تەمەنناسىزمەن، تىلىمسىز تائەزەل تەئەللۇقاتلىرىدىن تەرك مەن.

ئانا تىلىم ـ تەرەققىيات تەكچىسىدىسەن، تارىخ تەرەققىيات تاشقىنلىرىدىن تاكامولىلىقنى تالىشىدۇ، توختاۋسىز تەر تۆككۈچىلەر تاۋلىنىپ تەڭرى تېغىدەك تىكلىشىدۇ. تاماشا تانىلىرىدا تاقلىغۇچىلار توزىغان توزغاقتەك تاشلىنىدۇ.

ئانا تىلىم ـ تەرەققىياتتىكى تۇمارىمسەن، تىلسىز تەرەققىياتنى تاجلاپ تاقىۋالغان تاتىراڭغۇلارنىڭ تەكەببۇرانە تاپا ـ تەنىلىرىنى تىڭشىغىنىمدا تاقەتسىزلىنىمەن، تىلسىزلىق توغرىسىدىكى تەنبىھتىن تاتارغان تايىنسىزلارنى تاپقىنىمدا تەشۋىشلىنىمەن، تىلسىز تارىخ تەۋەللۇتچىلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا تەبەسسۇمسىزمەن.

ئانا تىلىم ـ تۇرمۇش تونۇرلىرىدا تاۋلانغىنىمدا تاتلىق تەمىڭدىن تىللىرىمنى تامشىتىمەن، تائەزەلدىن تائەبەتكە تاقاشقان تەۋەككۇل تاغلىرىدا تىك ـ تاك تويتەك تاراقشىپ، تاراجلانغان تۇپراققا تاشلانغىنىمدا تەمكىن تىۋىشلىرىڭدىن تەسەللى تاپىمەن.

ئانا تىلىم ـ تومۇرلىرىدىكى تەمكىن تۇيغۇ تەرىپىڭ تامان تىپىرلىماقتا، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىم تەمبۇرنىڭ تارىسىدىن تارالغاندەك تازالىقلارغا تولغان تاۋۇشلار تامان تىترىمەكتە.

ئانا تىلىم ـ تىرىكلىكتىكى تەۋەرۇكۇمسەن، تەرەققىياتتىكى تۈۋرۈكۈمسەن.

تىلىمسىز تەنتەنە تىلىكىم تامام،
تىلىمسىز تاجۇ ـ تەخت تىزىقىم تامام.
تىلىمسىز تەكتىسىز تالاي تەكەللۇم،
تىلىمسىز تىرىكلىك تىنىقىم تامام.

# قەلب تۈيغۇلىرى

ئابدۇمجىت جلىل (2007 ـ يىللىق ئاسپىرانتى)

## يېڭى يىلغا جاۋاب

قېرىتالماس يىللار قەلبنى،
ئەسرلەرمۇ كەتسە يىراقلاپ.
ئازاب، بەخت...بېزەكلىك هايات،
ئۆستۈردۇ بىزنى ئاۋايلاپ.

ئۇزاپ كەتكىن، كېتىۋەر يىللار،
كەچمىشلەرگە چەكمەيمىز ئازاب.
يېڭى هايات قوينىدا تەمكىن،
سوئالىڭغا بىرىمىز جاۋاب...

## هىجران

پەرۋىشسىز قۇرىغان ئەقىدە گۈلى،
هەسرەتنى يوللارغا چاچقىنى چاچقان.
ناز بىلەن هاكلانغان يۈزلەردە دۇنيا،
توزۇيدۇ ياش بولۇپ لەرزان ئاھ لەرزان.

كۆزلىرىم تۇيغۇسى ـ تۆكۈلەر جانان،
قەلبىمدە هاياتقا ئۆزگىچە ئاهاڭ.
پەردازسىز سۆيگۈمنىڭ هارغىن ئارمنى،
تىلەيدۇ شەپەقتىن ئاداققى بىر تاڭ...

## ۋىجدانىمغا

توختىقارى (2008)

قويماقتىمەن قەبرەڭگە،
گۈل چەمبىرەك ئەي ۋىجدان.
هايات تۇرسام مەن تېخى،
كېتىپ قالدىڭ ئەي ۋىجدان.
هېچكىم بىلمەس شۇ ئىشلار،
بەزى ناهەق بولسىمۇ،
لېكىن سەن.....
بىلىپ قالدىڭ ،
بىلىپ قالدىڭ ئەي ۋىجدان.

چىدىمىدى بۇ يۈزۈم،
يوقلاشقىمۇ قەبرەڭنى.
چىقالمىدىم بىر قېتىم،
سېنىڭ تۇپراق بېشىڭغا.
يىغلاۋېرىپ هەركۈنى.
قۇرۇپ كەتتى كۆز يېشىم،
بەربىر .....!
تېرىلمەيسەن
بىلىمەن

# كۆزدىن ئاققان يېشىمغا




گۈل يۈزلەردىن باتتىنغان شادلىق،
كىرپىكلەردە مۈگدەپ قاپتۇ،
ئېغىر تىنىپ ئۇھسىنغان پېتى،
شۈنداق چوڭقۇر ئۇيقۇنى ساپتۇ.

چۈشلىرىدە بىر دەريا قايغۇ،
كۆلكىلىرى سايىلاردا قاپتۇ،
نىدالارنى قوڭغىراق قىلىپ،
شامالللارنىڭ تىلىدا چاپتۇر.

ئەھلى ۋاپا سەزمىگەن ئەلەم،
قىيان مىسلى باغرىنى ئاپتۇ،
ھازا ئېچىپ گۈلگۈن چىرايلار،
قان ـ ياشىدىن قەبرە ياساپتۇ.

باراڭلارغا ئىلىنغان تەشۇش،
گۇمانسىراپ غەيۇەت باشلاپتۇ،
روھى ئۆلگەن تەبەسسۇم يىغلاپ،
جىنىنمۇ گۆرگە تاشلاپتۇ.

شاتلىق بىلەن گۈللىگەن ھېسلار،
ئاق بەلباغنى بەلگە باغلاپتۇ،
سوزۇپ ئېيتقان ئاشىق مۇڭلىرى،
خەستە جاننى ئوتتا داغلاپتۇ.

توختاپ قالغاچ شاتلىق جىلۋىسى،
سۈكۈت شۇدەم جاھاننى ئاپتۇ،
شاتلىق سۆيگەن گـــۈل يۈزلۈكلەرمۇ،
قاباھەتكە يار بولۇپ قاپتۇ.

تۇيغۇ شەھرىدە قۇياش كۆيۈپتۇ،
ھەسرەت يۇتۇپ ئايمۇ ئۆلۈپتۇ،
نىمجان قالغان زېمىننى كۆرگەن،
بۇلۇت يىغلاپ يەرنى سۆيۈپتۇ.

بۇلبۇل ئاھۇ ـ پەرياد چېكىپتۇ،
يۈرۈكىدىن قانلار چېچىپتۇ،
تامچىپ چۈشۈپ گۈلنىڭ مەڭزىگە،
مۆھۈر كەبى ئەينەن ئۇيۇپتۇ.

ئوت تۇتاشقان غازاڭ تۇيغۇلار،
يەر سۈپۈرۈپ نىمجان يېتىپتۇ،
ئۇمىد دەرىخى كەتكەچ كېسىلىپ،
سۇلغان ھالدا ئەلەم يۇتۇپتۇ.

مەيۈس جانلار يىپى يوق لەگلەك،
ئۆزگە تۇيغۇ ئىستەپ كېتىپتۇ.
ئادىشنى يوقاتقان كۆلكە،
گۈل يۈزلەردىن مەڭگۈ قېچىپتۇ.

2009.3.3

# ئۇيغۇر ئىللەتلىرى

ئومەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)

ARIDI

چېپىشماقتا ئات بولۇپ پۇرسەتتە دۇنيا مىللەتلىرى،
ئۇنتۇلدى بىزدە دۇنيا تەڭلىمىسى قىسمەتلىرى،
ئۆتتى يىللار قالدى جاۋابسىز ئەجدادلار ھىممەتلىرى،
كۆتەر ئەمدى ئۇيغۇرنى تەقدىرىنىڭ نە قىسمەتلىرى
تارىماقتا روھىمىزدىن بەس ـ بەستە ئۇيغۇر ئىللەتلىرى.

ئانا تىلنىڭ بۇ زامان سۇنۇپ كەتتى شۆھرىتى،
يات تىللاردىن سۆز تىلەش كەلدى بىزگە نۆۋىتى.
ئۇيغۇرلاردا يۇرۇشەر يات تىللاردا سۆھبىتى ،
يوقالغاندا ئانا تىل كىمگە كېلەر تۆھمىتى ،
ئەجەپ يامراپ كەتتى بۇ ئۇيغۇر ئىللەتلىرى.

سورۇن دەپ كۆندە چاپتىڭ بەزمىگە،
چاپلاشتى شۇڭا ئەيدىز سەندەك ئەزمىگە،
تۇرۇقلۇق ھالىڭ خاراب قاتتىڭ مىسرا نەزمىگە،
نېمە دەيسەن ئەۋلاد كەلسە سىنى دادلاپ ئەرزگە،
ئەجەپ يامراپ كەتتى بۇ ئۇيغۇر ئىللەتلىرى.

ئىللەتلىرىڭ ساماندەك چىرىتمەكتە تېنىڭنى .
چىرىپ غايىپ بولغاندا ئويلامسەن يا ئېتىڭنى،
مەھمۇد، شۆھرەت، ئەركىندەك ئۇنتۇمىغىن ئىسمىڭنى.
يېزىپ قالما ئەۋلادقا شاللاق تارىخ بېتىڭنى ،
ئەجەپ يامراپ كەتتى بۇ ئۇيغۇر ئىللەتلىرى.

ئوغرى دېسە خەقلەرنىڭ خىيالىغا كېلەرمىز،
پۇل بىرىمەن دېسىلا كىيىمنىمۇ سالارمىز.
پۇل قالدۇ ئۇيغۇرۇم پۇشايماندا قالارمىز ،
مىللىتىمىز شەنىگە شاللاق نامنى قاتارمىز،
ئەجەپ يامراپ كەتتى بۇ ئۇيغۇر ئىللەتلىرى.

كۆيلەپ باقتۇق بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خىلىنى،
مەدەت ئېلىپ قىز ـ يىگىت باغلاپ كەلدى بېلىنى ،
سۆزلەپ قويدۇم مەن پەقەت ئىللەتلەرنىڭ بىرىنى
سېلىپ قويسكەن ئۇيغۇرۇم شېئىرىمغا كۆز قىرىنى،
روھىمىزدىن قوغلايلى خوش ئەمدى ئۇيغۇر ئىللەتلىرى.

# شېئىر ۋە شائىر

قۇربانجان ۋاھاپ (2007)

(شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن)

شېئىر دەپ شۇئرلاپ خىياللىرىمدىن،
كۆرۈنەر مىسرالار ئەينەك مىسالى.
ھاياتنىڭ شادلىقى قىسمەتلىرىنىڭ،
ئاياندۇر شېئىردا ئۆز ئەينى ھالى.

پەردازلىق دۇنيانىڭ رەڭدار جىلۋىسى،
مەزگىللىك چاقنايدۇ ئەينەك يۈزىدە.
ئەبەتلىك ئايانىي تەپەككۇر بىلەن،
شېئىر بوپ تۆرىلەر شائىر كۆزىدە.

رەڭدارلىق سىداملىق بارچە بارچىسى،
سىزىلار قەلەمدە لېرىكا بولۇپ.
تۇرمۇشتىن چايقالغان تەسىرات جامى،
بىلىق كۆز بولغانچە ئىلھامغا تولۇپ.

شائىرنىڭ قەلبىمى تۇرمۇش بېتىدە،
ئىلھامدىن كۆچ ئېلىپ چاپىدۇ گويا.
مىسرالار يۈزىدە قىزىيدۇ قانلار،
كۆۋەجەپ تاشىدۇ ئەبەدىي سىياھ.

شائىر ئۇ تارىخنىڭ ئىزگۈ شاھىدى،
ھەق سۆزلەپ ھەق ئۈچۈن ئۆلۈشكە تەييار.
تومۇردا ئاققىنى ۋىجدان سىياھى،
پاكلىقتىن ئۈپۈقنى سۆيىدۇ دىللار.
شائىر ئۇ ئاشۇنداق ئىجادكار ئىنسان،
ئىلھامدىن پۈتىدۇ تارىخنى گويا.
ھەقىقەت ئۈچۈن ئۇ كىرەر جەڭگاھقا،
يۈرەكنى ئوق قىلىپ قەلەمنى يا.

گويا كى مېھنەتكەش دېھقان مىسالى،
چاچىدۇ ئۇممىدلىك ئىلھام ئۇرۇقى.
شائىرنىڭ ئەجرىدىن يېقىلغان شامدا،
قاپلايدۇ ئالەمنى بىلگۈ يورۇقى.

ۋەتەننىڭ غېمى دەل شائىرنىڭ غېمى،
ئەل كۈلسە كۈلىدۇ، يىغلىسا يىغلار.
ۋىجداندا بىسلانغان مىسرالىرىنى،
قىلىچ قىپ ياۋلارنىڭ كۆكسىنى تىغلار.

سۆيگۈدىن نۇر بولۇپ يارالغان شائىر،
تارقىتىپ كېتەركەن دۇنياغا سۆيگۈ.
مىللىتىم شائىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ،
كۆپ ئىزلار قالدۇرغان ئاشۇنداق ئىزگۈ.

مىللەتنىڭ شائىرى، چولپىنى ئىدى.
ئەنە شۇ جىسمى چوغ يۈرىكى ئاتەش.
ئەل ـ ۋەتەن ئىشقىدا ئۆتكەنتى كۆيۈپ،
ماتەمى دىللارنى قىلغان ئىدى غەش.
كەتسىمۇ روھى بار، ئەجرى ھاياتتۇر،
ئۆيغۇرنىڭ دىلىدا ئەبەدىلئەبەد.
مېھنىتى چاقنايدۇ گوياكى ھۆكەر،
تارقىتىپ ئالەمگە چەكسىز مۇھەببەت.

شۇ چەكسىز سۆيگۈنىڭ مېھنەتلىرىدە،
پايانسىز ئالەمگە قويغانتى سىزىپ.
شۇنداقلا ئەڭ گۈزەل سوغا بەرگەنتى،
خەلقىمگە ئەجرىدىن گۈلدەستە تىزىپ.

يۈرەكنىڭ ياشلىرى تۆكۈلسە بىر كۈن،
ئۇ چاچقان سۆيگۈدىن ئۈلىيدۇ قەلب.
غەزەللەر ئېيتىششاق ۋەتەن ھەققىدە،
سۆيگۈسى ئىلھامنى قىلىدۇ جەلپ

ئەسلەيمىز شائىرنى سۇكۇتتە بۈگۈن،
سىماسى كۆرۈنەر توپلاملىرىدىن.
كۆزدە ياش يۈرەكتىن ئۇخچۇپ سېغىنىش،
سۆيۈنۈپ شائىرنىڭ ئەشئارلىرىدىن.

*

ئەي شائىر، روھىڭدىن مەدەت بەر بىزگە،
بىز ياشلار ئىزىڭنى ھامان باسىمىز.
بۈگۈنى سۇكۇتتە ئەسلىسەك سېنى،
ئەتىسى گۈللەردىن قەبرەڭ ياپىمىز.

# تۈنجى مۇھەببىتىم

ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

ئابدۇمجىت ئابدۇللا (2006)

دۇنيا دېگەن شۇنداق بىر بىلىپ بولماس سىر ئىكەن،
گاھ ھەيۋەتلىك گاھىدا تۈگىلۈكسىز قەسىر ئىكەن.
لېكىن ئىنسان ھەمىشە بىر ھېسقا ئەسىر ئىكەن...
نېچۈن بىلمىدىم ئاۋۋال، ئاھ! تۈنجى مۇھەببىتىم،
پەرۋا قىلمىدىم ئاۋۋال، ئاھ! تۈنجى مۇھەببىتىم.

ھالبۇكى ئارزۇلاردىن جۇدا ھەم بولغىنىم يوق،
يۇلتۇزدەك كۈلگەنىم يوق، ئاي كەبى تولغىنىم يوق.

خازان بولغان گۈل كەبى سارغىيىپ سۇلغىنىم يوق،
سېنى ئەسلەپ يىغلايمەن، ئاھ! تۈنجى مۇھەببىتىم.
ئەسلەپ باغرىم تىغلايمەن، ئاھ! تۈنجى مۇھەببىتىم،

يول بىلمەي قالسا ئادەم ـ مۇھەببەتتە سۆيۈنگەي،
غەم ـ غۇسسىگە پاتسا ھەم ـ مۇھەببەتتە سۆيۈنگەي.
چارىسىز قاتسا ئادەم ـ مۇھەببەتتە سۆيۈنگەي،
مەن كىمدىن سۆيۈنگەيمەن، ئاھ! تۈنجى مۇھەببىتىم.

پەقەت ئەسلەپ يانغايمەن، ئاھ! تۇنجى مۇھەببىتىم،




تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ھەممىمىز ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا جەم بولدۇق. كەلگۈسىدە ۋەتەن ئۈچۈن، ئەڭ ئاددىيسى ئۆزىمىز ئۈچۈن بىر كىشىلىك قىممەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشماقتىمىز. كۆز ئالدىمىزدا بىزگە مەڭگۈ ئۇنتۇيالمىغۇدەك ھېكمەت بىرىۋاتقان جاپاكەش ئۇستازلار، ئۆزلۈك ۋە كىملىكىمىز ئۈچۈن كەسپىمىزگە ئىشتىياق باغلىغان دوكتور-ئاسپىرانت ئاكا-ھەدىلىرىمىز، تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىۋاتقان ساۋاقداشلىرىمىز بىزگە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە ئىزدىنىش روھى ئاتا قىلماقتا. قىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىلىڭ! ئۇلار زادى ئۆزى ۋە بىز، دۇنيا ۋە كەلگۈسى ھەققىدە نىملەرنى پىچىرلاۋاتقاندۇ؟

**ئۇستازلار ئېيتىدۇ: ئۈمىد سىلەردە !**

سادا: فاكۇلتېت رەھبەرلىك تەشكىلي ئاپپاراتى قايتىدىن تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەھەتلەردە قانداق پىلانىڭلار بار؟

لىتىپ توختى (فاكۇلتېتىمىز مۇدىرى، دوكتور-ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى): فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلۇپ بەش يىللىق مۇساپىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋەزىپىمىز تېخىمۇ شەرەپلىك ۋە ئېغىر. بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ خىزمىتىمىز يەنىلا ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋە تۈپ ۋەزىپىمىزنى خەلقىمىز، ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كۈتكىنىدەك ياخشى ئادا قىلىشقا مەركەزلىشىدۇ.

بۇ جەھەتتە سان ۋە سۈپەتنى تەڭ تۇتىمىز. سان دېگىنىمىزدە، ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى، ھەر يىلى 40نەپەر تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى قوبۇل قىلىش نىسبىتىنى مۇقىم ساقلاش ئاساسىدا، ئاسپىرانتلارنىڭ سانىنى يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىشكە تىرىشىمىز، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىلىم ئاشۇرىدىغانلار، سىرتتىن دەرس

ئائىلىدىغانلار، دوكتور ئاشتىلار، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار، ئالاھىدە تەربىيىلىنىدىغانلارنىڭ سانىنىمۇ يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىمىز. پۇرسەت بولسا يەنە جەمئىيەتتە كۇرس ئېچىپ تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى تەربىيىلەيمىز.

سۈپەت جەھەتتىن ئالساق، بىز فاكولتېتىمىزنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جۇغلانغان ئەۋزەل شارائىتلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات جەھەتلەردە مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى تەسىرىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسپداشلار بىلەن بولغان ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تولۇقلاپ، فاكولتېتىمىزنىڭ ئابرويىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەسپىمىزنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر كەسپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز!

سادا: فاكولتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

لىتىپ تۇختى (فاكولتېتىمىز مۇدىرى، دوكتور-ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى): فاكولتېتىمىزدا ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىش مەسىلىسى ئۈستىدە ھەممىمىز باش قاتۇرماقتىمىز. بۇ بىزلا يولۇققۇۋاتقان مەسىلە بولماستىن، مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش تەس بولۇۋاتقان ئومۇمىي ئەھۋالنىڭ بىر ئىنكاسىدۇر. بۇ مەسىلىگە ھۆكۈمىتىمىز، دۆلەت رەھبەرلىرىمىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە دۆلىتىمىز ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناقلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇلۇۋاتىدۇ. شۇڭا، مەكتىپىمىز ۋە فاكولتېتىمىز رەھبەرلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىش ئىشىنى بۇرۇندىن كېيىن مۇشۇ كەسپلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى بىلەن باغلاپ جىددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىمكان قەدەر كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتىمىز. بۇ جەھەتتە بىزگە بولغان بېسىم ۋە تۈرتكە تەڭ مەۋجۇت. بىزنىڭ خۇشال بولىدىغىنىمىز ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ياخشى، ساپاسى يۇقىرى، بىلىم دائىرىسى كەڭ، بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر، خەنزۇچە ۋە چەتئەل تىلى سەۋىيىسى ۋە كومپيۇتېر بىلىملىرى ئوخشاش كەسپتىكى باشقا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدىن يەنىلا يۇقىرى. شۇڭا بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىشنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشتىن، ھازىرقى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر ئۆزلىرى كېلىشىپ ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بىزنىڭ مۇشۇ كەسپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى يەنىلا يۇقىرى بولماقتا. بىز بۇنىڭدىن خۇشالمىز ھەم بۇ جەھەتتە يەنىمۇ تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىمىز.

سادا: فاكولتېتىمىز ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى ئۆگىنىش، قىزىقىش ۋە ئىزدىنىش ئەھۋالىغا قانداق قارايسىز؟

ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي (فاكولتېتىمىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، دوكتور-ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى): فاكولتېتىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىگە ھەر يىلى 40 نەپەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوتتۇز سەككىز نەپەر 2004-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئون ئىككى نەپىرىنىڭ ماگىستىرلىق

ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئون ئىككى نەپىرنىڭ ئۆتكەنلىكى ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەۋلادلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش جەھەتتە يىلدىن يىلغا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە، خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلى قاتارلىق چەتئەل تىلىنىڭ ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئېنىق تەلەپ، ئېنىق ئۆلچەك بار. ئەمما مىللىي تىل-يېزىق ئۆگىنىشكە قارىتا، زادى قانداق بىر سەۋىيىگە يەتكۈزۈش جەھەتتە ئېنىق بىر چەك، روشەن بىر ئۆلچەك يوق. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ مىللىي تىل-يېزىقىمىزنى ۋە ئەدەبىياتىمىزنى قوغداش، ئالغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش ئېڭى ئاساسىدا، بار ئىمكان بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، نەق پاكىت، ئەھمىيەتلىك مىساللار ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ئۆگىنىشنى يېڭىدىن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر.

سادا: سىزنىڭچە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۆگىنىشنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزغا نىسبەتەن قانداق پايدىسى ۋە ئەھمىيىتى بار؟

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي (فاكۇلتېتىمىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىسى، دوكتور-ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى): مېنىڭچە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەنلەر تۆۋەندىكىدەك پايدىنى كۆرىدۇ:

بىرىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدىكى مۇسۇلمانچە تەركىبلەرنىڭ مەنە-ئۇقۇم دائىرىسىنى توغرا ۋە تولۇق شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلىگەندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە فونېتىك ئۆزگىرىش قىلىش سەۋەبى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ياخشى ئۆگەنگەندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كلاسسىك شائىرلارغا تەقلىد قىلىنغان شېئىرلارنى ياخشى چۈشەنگىلى ۋە ئۇلاردىكى بەدىئىي گۈزەللىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرى بىلەن مەرىپەتلىك بولغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەردە ئىزچىل مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلگىلى ۋە ئۇلارنى ئىلمىي ھالدا توغرا شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە ئوبدان تەتقىق قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلى سوستاۋىدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە كۆچۈشى، شۇنىڭدەك سۆز-كەلىمىلەرگە كۆچمە مەنىلەرنىڭ يۈكلىنىشى قاتارلىق سېمانتىكىلىق ھادىسىلەرنى دادىغا يەتكۈزۈپ شەرھلەپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

ئالتىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپىتى ئۇيغۇر يەر-ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا، كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يەتتىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ساۋاتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

سەككىزىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپىتى كۈنىمىزدىكى سۆز-ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە توغرىلاپ ئىشلىتىش خىزمىتىدە، دەردىمىزگە يېتىدۇ.

توققۇزىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپىتى

ئىنساننى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرىنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يەتكۈزىدۇ، قىممىتىنى تېخىمۇ ئارتقۇزىدۇ. چۈنكى، ئەڭ ئېنىق گەپ بىلەن ئېيتقاندا، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دېمەك ئەمەلىيەتتە، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىست تىلى» دېمەكتۇر. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى شۇ قەدەر سېھىرلىك ۋە شۇ قەدەر جەزىبدار قىلغان نەرسە، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئۈچيۈز ئاتمىش ئاھاڭدىن باشقا، ئۇ گۈزەل ئاھاڭلارغا «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» كەبى ياراشقان، ئۆزىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق، ئۇ يارقىن ئاھاڭلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان ۋە جىلۋىلەندۇرگەن بىباھا ئۇيغۇر تىلىدۇر!
(ناۋادا بۇ توققۇز جاۋابنىڭ تەپسىلاتىنى كۆرەي دېسىڭىز «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» غا مۇراجىئەت قىلىڭ.)

سادا: 2009-يىللىق نورۇز كېچىلىكىدە 2006-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇنلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تېكىستلىرىدىن ئارىيە» ناملىق نومۇر ھەممەيلەننى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. سىزچە، قانداق قىلغاندا قەدىمقى يادىكارلىقلىرىمىزنى تەتقىق قىلىپ، ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز ؟

مۇھەممەترېھىم سايىت (فاكۇلتېتىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى، دوكتور-ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى): ھازىر بىزنىڭ فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئاجىز ھالقا بىرسى ئەڭ ئاساسلىق نەزەرىيە ۋە ئىلىم پەن تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەشتە ناھايىتى ئاجىز. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇنداق ئاددى ۋە ئوڭاي ئەمەس، بۇنى ھەممەيلەننىڭ ئۇزۇن ۋاقىت تىرىشىپ ئورتاق ھەمكارلىششى ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ھەل قىلىدىغان مەسىلە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش. مەن سىنىپتا ناھايىتى كۆپ تەكرارلايدىغان بەزى ئوخشىتىشلار بار: بىز ئۆزىمىزنىڭ يېقىن تۇغقىنىمىزنىڭ بوۋىقىنى قۇچىقىمىزغا ئالساق، ئۇ قۇچىقىمىزغا ھەتتا يۈز-كۆزىمىزگە سىيىپ-چىچىپ قويسا، تىلىمىزدا يوق قاقاقلاپ كۈلۈپ، قايتىدىن ئۇنىڭ پەللەكلىرىگە سۆيۈپ كېتىمىز. ئەمما باشقا بىراۋنىڭ بالىسى قۇچىقىمىزغا سىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا تاھارەت قىلىپ قويسا، كۈچۈكتىن-كۈچۈككە سېلىپ تىللاپ كېتىمىز. مانا بۇ ئىككى ئەھۋالنىڭ تۈپ سەۋەبى بالىغا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئوخشىماسلىقىدا: ھەرگىزمۇ ئىككى بوۋاقنىڭ پوق - سۈيدۈكىنىڭ رەڭگى ياكى پۇراق-تەمىنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىدا ئەمەس! بەزى باللار ئازراق يامغۇر ياغسا، دەرسكە چىقمايدۇ. ئەمما، بەزى يىگىتلەر رۇخسارلىرى بىلەن بىرەر يىراق يەرگە بېرىپ كۆرۈشۈشنى ۋەدىلەشسە، يامغۇر ياغامدۇ، قارمۇ ھەرگىز توسالغۇ بولالمايدۇ. مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ، ھېسسىياتنىڭ كۈچى. بىز كۆپ ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. ئىلىم-پەنگە ئىشتىياق باغلىغانلار ھەرقانداق مۇشەققەتكە يولۇقسىمۇ قىلچە تەۋرەپ قالمايدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى ئەڭ ئالدىنقى مەسىلە ئوقۇغۇچىلاردا بىلىمگە بولغان قىزىقىش بولىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى قولىدىن كەلگەن بارلىق ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى بىلىمگە قىزىقتۇرۇشى لازىم. سىلەر يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن نورۇز كېچىلىكىدىكى «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوشاقلارنى ئوقۇش» ھەم مەدىنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى قىزىپ، بىلىم ئۆگىنىشكە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشتا ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. مېنىڭ كۆزۈمگە شۇ ئوقۇغۇچىلار ئىسسىق ئوت كۆرۈندۇ، ئۇلارنىڭ ئوماق، سەمىمىي، غەيرەتلىك

سىماسى دائىم ماڭا مەدەت بېرىپ : «مۇئەللىم، سىز بىزگە قانچە كۆيۈنسىڭىز، بىز شۇنچە تىرىشىپ ئۆگىنىمىز » دەيدۇ. رەھمەت سىلەرگە! رەھمەت خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر، جەسۇر ئوقۇغۇچىلىرى! سىلەرگە كۆز تەگمىسۇن. تېنىڭلار سالامەت، ئەخلاقىڭلار پەزىلەتلىك، بىلىمىڭلار چوڭقۇر بولسۇن!

چەتئەلدە ھەر قانداق بىرى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەتتا ئۇيغۇر ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىدۇ. خەنزۇ مەكتەپنىڭ يەسلىسىدىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپكىچە توختىماي قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدۇ. ھەرقانداق بىر خەنزۇچە ئەدەبىياتشۇناس، تارىخشۇناس، مەدەنىيەتشۇناسنىڭ ھەممىسى قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ. خەنزۇ تىلشۇناسلارنىڭ ھەممىسىنى «قەدىمكى خەنزۇشۇناس» دېيىشكە بولىدۇ. دادىسى، ئاپىسى، بوۋىسى، مومىسىنى تونىمىغان ئادەملەرنى باشقىلار «نېرۋىسىدا چاتاق بار» دەپ قارايدۇ. شۇڭا نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يەتتە ئەجدادىغىچە ئىسمىنى ئېسىدە ساقلايدۇ. بىزنىڭ فاكۇلتېتنىڭ نامى «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى »، شۇنداق بولغاچقا كېسىپ ئېيتايكى: قەدىمكى ئۇيغۇرچىنى ياخشى ئۆگەنمىگەنلەر ھەرگىزمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق «ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسى» بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ئەڭ ئەقەللىي بىر تەلەپ.

يېقىندا فاكولتېتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ياش ئوقۇتقۇچىسى ئابلىكىم مۇئەللىم 2005-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر ئەمەلىي ۋە ئەھمىيەتلىك پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ مۇۋاپىقىيەت قازاندى. مەن ئالدى بىلەن ئابلىكىم مۇئەللىمگە، ئاندىن 2005-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ! سىلەرنىڭ ئەمىلىيىتىڭلار ھەقىقەتەن «كۆز قورققاق ، قول باتۇر» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەرگىزمۇ «دۆت» ئەمەسلىكىنى، بەلكى ناھايىتى «ئەقىللىق» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى! ھەممەيلەنگە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى! بۇنىڭدىن بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك بولۇشىنى، بولۇپمۇ ئىلىم-پەنگە تېخىمۇ باغلىنىشىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشى، زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىد ۋە مۇلاھىزىسىگە مۇھتاج! مەن بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىمنى، ھىسياتلىرىمنى دائىم بىلوگ ئارقىلىق ئېلان قىلىپ تۇرىمەن. سىلەرنىڭ مۇلاھىزەڭلەرنى قارشى ئالىمەن.

ئېلخەت ئادرېسى: **m-sayit@sina.com**

بەيدۇدىكى مۇلاھىزە ئادرېسى: **LOP-SAYIT**

(بەيدۇ تورىغا يۇقىرىقى خەتنى باسسىڭىزلا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى تاپالايسىز.)

سادا: سىز ئۆتۈپ كېلىۋاتقان «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» دېگەن بۇ دەرسنىڭ باشقا كەسپىي دەرسلەرنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشىمىزدە قانداق رولى بار؟

موللانىياز تۇرنىياز (فاكۇلتېتىمىز تىلشۇناسلىق پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى): تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى، يەنى ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ئەلۋەتتە دۇنيادىكى ئالتە مىڭ خىلغا يېقىن تىلنىڭ ئومۇمىي يەكۈنى ئەمەس (چۈنكى ھازىر ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان تىللار تېخى بىر نەچچە يۈزلا). ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر كونكرېت تىل ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭمۇ يەكۈنى ئەمەس، يەنى ئۇ مەلۇم بىر تىل ئۈستىدە ئېلىپ

بېرىلگەن تەتقىقاتتا ئاساسلىنىپلا چىقىرىلغان يەكۈن ئەمەس. ئۇ ھەر ھالدا بىر نەچچە يۈز خىل تىل ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنى بايقالغان تىل قانۇنىيەتلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە شۇلارغا ئاساسەن تىكلەنگەن نەزەرىيىلەردۇر.

كۆپ تىللاردىن ئومۇملاشتۇرۇلغان نەزەرىيە مەلۇم بىر كونكرېت تىل ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات ئۈچۈن دەستۇر رولىنى ئوينايدۇ.

مەلۇم بىر كونكرېت تىل ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار تەتقىق قىلىۋاتقان شۇ كونكرېت تىلدىكى بارلىق تىل ھادىسىلىرىنى تولۇق ئەسكە ئالالىشى ناتايىن ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىل ماتېرىياللىرىنى تولۇق يىغالىشى ناتايىن ھەمدە يىغىۋالغان چەكلىك تىل ماتېرىياللىرىدىن بايقىلىۋاتقان تىل ھادىسىلىرىنى، تىل قانۇنىيەتلىرىنى توغرا ۋە مەنتىقىغە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلىيەلىشى ناتايىن. بۇنداق ئەھۋالدا، كۆپ تىللاردىن ئومۇملاشتۇرۇلغان تىل نەزەرىيىسىنىڭ ئۆرنەكلىك ۋە دەستۇرلۇق رولىدىن پايدىلىنىشقا، ئۇنى يېتەكچى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى كەسىپ قىلغان ئوقۇغۇچىلار «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» دېگەن بۇ دەرسنى چوقۇم ئوقۇشى شەرت، چۈنكى بۇ دەرس كۆپ تىللاردىن ئومۇملاشتۇرۇلغان نەزەرىيىنى ئۆگىتىدۇ ۋە مەلۇم بىر كونكرېت تىل ئۈستىدە (مەيلى ئۇ بىر تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى تارىخىي يادىكارلىقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان تىل بولسۇن، ياكى ھازىر نەق قوللىنىلىۋاتقان تىل بولسۇن) تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا لازىم بولىدىغان زۆرۈرىي بىلىملەرنى، ھەمدە مەلۇم بىر كونكرېت تىل ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. دېمەك، «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» دېگەن بۇ دەرسمۇ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى كەسىپ قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي دەرسلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ھەرگىزمۇ كەسپىي دەرسلەرنىڭ سىرتىدىكى ئايرىم بىر دەرس ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۇ باشقا كەسپىي دەرسلەرنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇل سالىدىغان نەزەرىيىۋى كەسپىي دەرس.

ئىلمىي تەتقىقاتتا شۇ ئىلىم ساھەسىگە خاس بولغان نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىك رولىدىن پايدىلانماسلىق، نەزەرىيىدىن باش تارتىش سېپىي ئۆزىدىن بولغان ئىلمىيسىزلارنىڭ، جاھالەت دەۋرىدە ياشىغان ۋە ياشايدىغان جاھىللارنىڭ خاسىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كەسكىن قىلىپ ئېيتالايمىزكى، بىز ئاڭلاپ كېلىۋاتقان «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» دېگەن بۇ دەرس تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى باشقا كەسپىي دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ۋە شۇ نەتىجىدە كېلەچەكتىكى تىل تەتقىقاتىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنىڭ تۈپكى كاپالىتىدۇر.

سادا: سىز ئۇزاق يىل فاكولتېتىمىزدا ئىشلەش جەريانىدا جەمئىيەتكە كۆپلىگەن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردىڭىز ھەم ئۇلار جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى سىزدەك ئۇستازى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. گەرچە پىنسىيىگە چىققان بولسىڭىزمۇ، كەسپكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىڭىز بىلەن يەنىلا مۇنبەردە دەرس ئۆتۈپ بىزنى تەسىرلەندۈردىڭىز. ئەمدى، سىزنىڭ فاكۇلتىتىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارغا دەيدىغان يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟

زەينەپ نىياز (فاكۇلتېتىمىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى): ئالدى بىلەن ھەممىڭلاردىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن. مەن ئىزچىل دەرس ئۆتۈش جەريانىدا بارلىق ئىقتىدارىمنى سەرپ قىلىپ،

ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم. بۇ جەرياندا فاكۇلتېتنىڭ رەھبەرلەر ۋە كەسىپداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتىم. ئوقۇغۇچىلارمۇ ماڭا ھەمدەم بولۇپ، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆزلەشتۈردى. ھەر قېتىم بۇرۇن تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلىرىم مەندىن ئەھۋال سوراپ تېلېفون قىلسا، قەلبىم چەكسىز ھاياجانغا تولىدۇ. دېمەك، مېنىڭ ئەجرىم مېۋە بېرىپتۇ. ئەمدى، ھازىرقى رېئاللىققا قارايدىغان بولساق، رىقابەت كەسكىنلىشىپ، خىزمەت تېپىش قىيىن مەسىلىگە ئايلاندى. شۇڭا فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىغا دەيدىغانلىرىم : كومپيۇتېر، چەتئەل تىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىڭلار. رىقابەتتە ئۇتىمىز دەيدىكەنمىز، بىزدە سۇنماس ئىرادە ۋە توختاۋسىز بىلىم يېڭىلاش روھى بولۇشى كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم: ھەممىڭلارنىڭ ئىشلىرىغا غەلىبە، تۇرمۇشىغا خاتىرجەملىك يار بولسۇن !

سادا: 21 ـ ئەسىرگە كىرىشىمىز بىلەنلا دۇنيا يېڭىلىقلىرى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇچرىشىشقا باشلىدۇق. نۇرغۇن زىيالىيلار جاھاننى كۆرۈپ يەنىلا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلۇقىنى تەكىتلىدى. بۈگۈننىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ سۆزلىسەك، ئۆز تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟

نۇرگۈل تۇرسۇن ( فاكۇلتېتىمىز تارىخ ـ مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى): ئۇيغۇرلار تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ھەقىقەتەن دۇنيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت مىراسلىرى مول بولۇپ، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئورگانىك تەركىبى قىسمى. بۇ تەركىبى قىسىم كەم بولسا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى مۇكەممەل بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1. بىر مىللەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، شۇ مىللەتنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى مىللىي تارىخ ۋە مىللىي مەدەنىيەت، شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى. مىللەت تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن مەزكۇر مىللەت دىئالېكتىك بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، سىستېمىلىق ۋە تىپىك مىللەت تارىخىنىڭ ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى ھەمدە شۇ مىللەت تارىخي ۋە مەدەنىيىتىنى، مەزكۇر مىللەت توپىنىڭ بىلىشى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئۆزىنى بىلىش، روھى جەھەتتىن ئۆزىنى تونۇيدۇرۇش، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا، يېڭى ئىجادىيەت، كەشپىياتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى روھى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۆزىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۇل سالىدۇ.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى بىلىش، مىللىتىمىزنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. مىللەت تارىخى ۋە مىللىي مەدەنىيەت، بىر مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى بىر ـ بىرىگە چىرماپ تۇرىدىغان مەنىۋى يىپ. بۇ يىپ بىلەن باغلانغان مىللەت، دۇنيا مىللەتلىرى بىلەن بىرلىكتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئارا ئورتاق گۈللەپ، بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ.

3. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك جاۋاھىراتلار، كەشپىياتلار ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەر، ئاچچىق ساۋاقلار مۇجەسسەملەشكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىشقا، ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك تەرەپلەر ناھايىتى نۇرغۇن.

بۇلارنىڭ قىممىتىنى نامايەن قىلىش، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ پىرىنسىپى. يەنى، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مىللەتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ھەققىي ئەمەلىيلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى ئۆتمۈشكە ئايلاندى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى دەۋردىن قالدى، تومپايلىق دەپ قاراش، ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەسلىك تېخىمۇ چوڭ خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىمىزنى بىلىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىن روھى ئوزۇق ئېلىپ، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا تەڭ ئالغا ئىلگىرىلەش، ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىردىن بىر يولى.

سادا: نۆۋەتتە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە قانداق ئارتۇقچىلىقلار ۋە يېتەرسىزلىكلەر بار؟

ئىمام موللاخۇن (فاكۇلتېتىمىز ئەدەبىيات پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى): فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا شېئىر يازىدىغانلار كۆپ، ئەمما سىنىپلار بويىچە قارىغاندا ئاران 10%نى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېپىك ئەسەرلەرنى يازىدىغانلار يوق دېيەرلىك . مېنىڭچە، بۇنداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى ئاساسلىق رول ئوينىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ داڭلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئىلھام ئېلىشى يېتەرلىك بولمىغان. ئەگەر بىز ئىجادىيىتىمىزدە يېڭىلىق يارىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇپ، رېئال تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئادەم ۋە ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىشقا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

سادا: دەۋرىمىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. بىز ياشلار مەدەنىيەت ۋە فولكلورىمىزنى قوغداشتا قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك؟

ئابلىكىم مەھەممەت (فاكۇلتېتىمىز ئەدەبىيات پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى): ئۈچۈر دەۋرى، پەن-تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى ئىلىم-بىلىمنىڭ پارتلىشى خاراكتېرلىك يېڭىلىنىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، فولكلورى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ھەقلىق مىراسچىلىرى بولغان ياشلىرىمىزنى يېڭى، مۇرەككەپ ۋە ئالاھىدە بىر ئىمتىھانغا چاقىرماقتا.

ياشلىرىمىز ھەر ۋاقىت ئۆزىنى يېتىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۈچۈر دەۋرىدە تەبىئەتنىڭ، ئىجتىمائىيەتنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بەزى سىرلىرىنى چۈشىنىپ بولالمايدىغان، تېڭىرقاپ قالىدىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كەلمەكتە. ئۆگىنىش ئارقىلىق كونا سىرلارنىڭ يېشىلىشى مەلۇم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە يېڭى سىرلارنىڭ بايقىلىشىنىڭ سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دەۋرىمىز ياشلىرى ئەڭ تېز تەرەققىيات بىلەن ئەڭ زور ئەقلىنىڭ، ئەڭ چوڭ پۇرسەت بىلەن ئەڭ زور خىرىسنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشۈنۈپ يېتىپ ئۆزى، مەدەنىيىتى، فولكلورى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە سوغۇققانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىش دەۋرىنى باشلاتتى.

ساۋاقداشلارنىڭ مېنىڭدىن سورىغان «دەۋرىمىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، فولكلورى ۋە ئەدەبىياتى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. بىز ياشلار ئۇلارنى قوغداشتا قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك» دېگەن سوئالى ئەنە شۇ ئويلىنىشتىكى ھەرىكەتنىڭ بىر كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

مەن بۇ چوڭ سوئالغا تۆۋەندىكىچە ئەڭ قىسقا

جاۋاب بېرىمەن: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، فولكلورى ۋە ئەدەبىياتى ئۆزگىرىدۇ، يېڭىلىنىدۇ، تەرەققى قىلىدۇ. ئەمما، مەڭگۈ يوقالمايدۇ. چۈنكى، ياشلىرىمىزنىڭ يۈرىكىدە ئەك سوئاللىرى بار، سەن ۋە مەن بار. بىزدە مۇشۇنداق ئىشەنچ بار.

سادا: سىز 2007-يىلى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە گوللاندىيىگە چىقىپ بىر يىل خىزمەت ۋە ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپسىز. بۇ جەرياندا ئەڭ مۇھىمى نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

دىلارا ئىسراپىل (فاكۇلتېتىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى): پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانلارغا ئەمەس، تىرىشقانلارغا مەنسۇپ. مەن 2007-يىلى گوللاندىيە ئۇترەخت ئۇنىۋېرسىتېتىدا مېھمان تەتقىقاتچى بولۇپ بىر يىل ئىشلىدىم. بۇ مەزگىلدە ئاساسلىقى چەتئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىنگلىزچە ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى تەييارلاندى. مېنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بۇنداق ياخشى بىر پۇرسەتكە ئېرىششىم ئالدى بىلەن كەسىپكە، ئاندىن چەتئەل تىلىغا پۇختا بولغانلىقىمدىن بولدى. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئۆگىنىۋاتقان كەسپىڭىز سىزنىڭ ئەڭ كۈرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىڭىز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ساۋاقداشلار كەسپى پەنلەرنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەسپنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۈچۈر قورالى بولغان چەتئەل تىلىنىمۇ پۇختا ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئۆزىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرگىنىڭىزدە، سىز پۇرسەتنى ساقلىمايسىز، پۇرسەت سىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ.

1. كەسىپتە نەتىجە قازىنىمەن دەيدىكەنسىز، كەسپىڭىزنى قىزغىن سۆيۈشىڭىز ئالدىنقى شەرت بولىدۇ. مەن گوللاندىيىدىكى ۋاقتىمدا بىر تەرەپتىن شۇ مەكتەپتىكى تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلىگەچ، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىنى يازدىم. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بەزى تىلشۇناسلىق دەرسلىرىگىمۇ قاتناشتىم. ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئالغان ئەڭ چوڭ تەسىراتىم شۇ بولدىكى، ئوقۇغۇچىلار ھەممىسى ئۆزى قىلىۋاتقان كەسپنى قىزغىن سۆيىدىكەن. شۇڭا ئۇلار كەسپنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. بەزىدە ياخشى كۆرگىنىمىز بىلەن تاللىشىمىز ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتسەك بولمايدۇ. ئۆگىنىۋاتقان كەسپىمىزنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەندە ئاندىن بۇ كەسىپكە ئۆزىمىزنى بېغىشلىيالايمىز. گوللاندىيە ۋە گېرمانىيىدە مۇشۇ كەسىپتە شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپداشلارنىڭ زور كۆپچىلىكى گەرچە ئۆزى تۈركىي مىللەت بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ كەسىپكە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۆزىنى ئاتاش روھى مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئەگەر چەتئەللىكلەردىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلسە، بىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ روھىدىن ئۆگەنسەك بولىدۇ.

2. بىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپى سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەندە تېزلا نەتىجە قازىنىش ئاسان ئەمەس. ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەجىر سىڭدۈرۈشكە، شۇنداقلا بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشكە موھتاج.

3. خىزمەت ئىزدەش ياكى يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش مەسىلىسى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر تاللاش. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش مەسىلىسىدە، ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئوقۇشنى خىزمەت ئىزدەش باش قېتىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى دەپ قارىماسلىقى كېرەك. چۈنكى سىز ئۇ ئوقۇشنى تاماملىغاندا، يەنە ئوخشاشلا خىزمەت ئىزدەش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىسىز. يۇقىرىلاپ ئوقۇشتا يەنە

كەسىپكە نىسبەتەن قىزغىن ئىشتىياقىڭىز بارمۇ يوق، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. يەنە بىر مەسىلە، سىزنىڭ باشقا شەرت ـ شارائىتلىرىڭىز سىزنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشىڭىزغا يار بېرەمدۇ يوق. شۇڭا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەڭ مۇھىم چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. ئەگەر سىز بۇ كەسىپنى قىزغىن سۆيسىڭىز، بۇ كەسىپ بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىش ئويىڭىز بولسا، شارائىتىڭىز يار بەرسىلا چوقۇم داۋاملىق ئوقۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ. بولۇپمۇ ھازىر مەكتىپىمىزنىڭ ۋە فاكولتېتىمىزنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئۆرلەپ ئوقۇسىڭىز نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرگە ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىن.

## دوكتۇر ـ ئاسپىرانتلار دەيدۇ: تىرىشقان تاغ ئاشار!

سادا: سىلەرنى «كەسپىمىزنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققان ئۆلگىمىز» دەپ قارايمىز. سىلەر كەسپىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر نۇقتىدىن تەتقىق قىلغۇچىلار بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى بەش يىل جەريانىدا نېمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەك دەپ قارايسىلەر؟

پەرھات تۇرسۇن (2008 ـ يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى، تونۇلغان يازغۇچى): ئۆزى قايسى كەسىپكە قىزىقسا، شۇنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە شۇ كەسىپكە دائىر دەرستىن سىرتقى ماتېرىياللارنى كۆپلەپ كۆرۈش لازىم. بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز دەرسىنى ئادەتتىن تاشقىرى مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ئوقۇغۇچىنى ئۆزى قىزىقمىغان دەرسلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى زورلاپ، ئۇلارغا دەرستىن سىرت ماتېرىيال كۆرىدىغان ۋاقىت بەرمەسلىكى ئوقۇغۇچىلارنى نابۇت قىلىشى مۇمكىن.

تۇرسۇنجان ئىمىن (2008 ـ يىللىق دوكتور ـ ئاسپىرانتى): بەش يىل ھەرگىز ئاز ۋاقىت ئەمەس. ئەگەر ئۆزىمىز خالىساقلا ۋە ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلانساقلا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىيەلەيمىز. تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات كەسپلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ. شۇڭلاشقا، توختىماي كىتاپ ئوقۇش ۋە خاتىرە قالدۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز؛ كەسپىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنىلا ئەمەس ئۆزىمىز قىزىقىدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشىمىز كېرەك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى تىلىمىزنىڭ يىلتىزى ۋە ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنسەك، ھازىرقىنى تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان يەنە بىر ئىش چەتئەل تىلى ئۆگىنىش. ئوقۇغۇچىلىرىمىز چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشنى كېيىن باشلىغاچقا، چەتئەل تىلى ئۆگىنىشتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئارىمىزدا چەتئەل تىللىرىنى ياخشى ئىگىلىگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. چەتئەل تىللىرىنى ياخشى ئىگىلەش بىزگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، كەسپىمىزگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەر ئىنگلىز، نېمىس، تۈرك، ياپون ۋە روس تىللىرىدا يېزىلغان. شۇڭلاشقا ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئويلايدىكەنمىز چوقۇم چەتئەل تىللىرىنى بولۇپمۇ كەسپىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنگلىز تىلى، تۈرك ۋە نېمىس تىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ئوسمانجان جۇمە (2008 ـ يىللىق دوكتور ـ ئاسپىرانتى): ئالدى بىلەن، ژورنىلىڭلاردىن بىزگە سەھىپە ئاجرىتىپ بەرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمىز. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بەش يىللىق گۈزەل مىنۇتلار ھەممىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت. مەيلى بىز قانچىنچى يىللىقتا بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھەر مىنۇت ھەر بىرىمىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت

ھېسابلىنىدۇ. مۇھىمى، ھەربىر دەقىقىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە باغلىق خالاس.

بىز مەزكۇر ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ تاكى پۈتتۈرگەنگە قەدەر، ئېنىقكى ھەرخىل كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ھەرخىل سوئاللارغا دۇچ كېلىمىز. ئۇلار سورىغان سوئاللار تەمتىرىتىشى مۇمكىن. بۇ يەردە سىزلەرگە بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى، سىزدە ئۆزىڭىز تاللىغان يولغا قارىتا ئىككىلىنىش پوزىتسىيىسى بولمىسۇن، ئۆزىڭىزدە بىر مەيدان بولۇشى كېرەك، باشقىلار نېمە دېسە ھە دەپ ئەگىشىپ كېتىۋەرسىڭىز بولمايدۇ.

كەسپىي جەھەتتە، كەسپكە دائىر بىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلەش بىلەن بىرگە، كەسپ تەرەققىياتى قەيەردىن قەيەرگىچە بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلارنى كۆرۈپ تۇرۇڭ. ھەرقانداق چوڭ ئىش كىچىك قەدەمدىن باشلىنىدۇ. سىزلەر بەزىدە بىزلەرگە قاراپ «قاچانمۇ شۇلارغا ئوخشاش بولارمىز!» دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. ھەممىمىزنىڭ ئەقلىي ـ قابىلىيىتى چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا يېتىدۇ. چۈنكى ھەممىمىز ئوخشاش يارىتىلغان. ئۆزىمىزدە بار بولغان يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىمىز نىشانلىغان مەقسەتكە يېتەلەيمىز. شۇڭا، سىزلەر چوڭ شاخقا ئېسىلماي، ھەركۈنلۈك ئىشلارنى ئورۇنداپ ماڭساڭلار، شۇنىڭدەك كېيىن نېمە ئىش قىلىشىڭلار ئۈستىدە نورمال بولغان ئارزۇ ـ غايە بويىچە قەدەم بېسىشىڭلارنىڭ ئۆزى غەلىبىدىن ئىبارەت.

قانداق ئۆگىنىش، نېمىلەرنى ئۆگىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بەش يىل بەزىدە ئۇزۇن، بەزىدە بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئالدىڭىزغا قارىسىڭىز ئۇزۇندەك بىلىنگەن بىلەن، باسقان قەدەملىرىگە قاراپ باقسىڭىز، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. بۇ بەش يىل جەريانىدا كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھەممە بىلىمنى ئۆگىتىپ بولالمايدۇ، سىزگە قانداق ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن، قالغان بىلىملەرنى ئۆزىڭىز ئۆگەنسىڭىز تەبىئىي ئۆگىنىپ كېتەلەيسىز. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كەسپىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلەش بىلەن بىرگە، كەسپكە دائىر بىلىملەرنى، جۈملىدىن تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تۈركچە...دېگەندەك دەرسلەرنى يانداش قىلىپ ئۆگەنسىڭىز بەش يىلنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بولىسلەر دەپ قارايمەن. مەكتەپتە ئۆگەنگەن بۇ كەسپىي بىلىملەر سىزگە نېمىلەرنى بەردى، نېمىگە ئىشلەتمەكچى دېگەنلەرنى ھەر ۋاقىت ئويلاڭ، كەسپىي جەھەتتە يېتىلىش بىلەن تەڭ ئادىمىيلىك جەھەتتىمۇ ئۆزىڭىزنى تولۇقلاڭ، شۇندىلا كەسپ ۋە ئادىمىيلىكتە تەڭ نەتىجە قازانغان بولىسىز دەپ قارايمەن.

نۇرئەخمەت ئوبول (2007 ـ يىللىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاسپىرانتى): ئالدى بىلەن كەسپىمىزنى قەدىرلەپ، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەندىن باشقا ئۇنىۋېرسال بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلىشىمىز؛ چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز. ئۆزىمىزدىن قانائەتلەنمەي، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ بىلىمىمىزنى يېڭىلىشىمىز، چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز. باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، جەمئىيەتتە ئۇلار بىلەن تەڭ، باراۋەر ئورۇندا تۇرالايدىغان، خىزمەت بىزنى ئەمەس بەلكى، بىز خىزمەتنى تاللايدىغان شەرت ـ شارائىتنى ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىشىمىز. كەسپتە ئۇتۇق قازىنىپ جەمئىيەتتە ئورنىمىزنى تىكلىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا غەيرەتلىك، چىداملىق، جۈرئەتلىك بولىشىمىز؛ ساغلام بولغان پىسخىكىنى يېتىلدۈرۈشىمىز، ئۆزىمىزگە

ئىشىنىشىمىز، ئۈمىدۋار بولىشىمىز؛ ئىشلىرىمىزدا سەممىي، ئەستايىدىل، ئىزچىل بولىشىمىز؛ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئەركىن تەپەككۇر قىلىدىغان، باشقىلار قىلمىغاننى جۈرئەتلىك بىلەن قىلىپ، يېڭى نەزەرىيە ۋە يېڭى شەيئىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايدىغان يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

پۈرسەتنىڭ ئۆزلىكىدىن كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن، ئۆزىمىز پۈرسەت يارىتالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز؛ رىقابەت ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈپ باشقىلار بىلەن دادىل رىقابەتلىشەلەيدىغان، رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولىشىمىز؛ دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان بولىشىمىز؛ ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئەمەلىي ئىشلىتىپ، ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلىپ جەمئىيىتىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك.

ئابدۇمىجىت جېلىل (2007-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى): مېنىڭچە، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئانا تىلىمىز ۋە ئۇنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى مېۋىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۈمىدلىك ۋارىسچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا بىر پۈتۈن تارىخى دەۋرلەردىكى ئانا تىلىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە بىر قەدەر مۇكەممەل ئاساسى بىلىمگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، خەنزۇ ۋە قېرىنداش تۈركى خەلقلەر تىل-ئەدەبىياتى، دۇنيا ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى تېرىشىپ ئۆگەنگىنىدە؛ بۇ جەرياندا قۇرال سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇ، ئىنگلىز، تۈرك تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىدە؛ بۇ تىللاردا بىر قەدەر راۋان بولغان نۇتۇق ۋە ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ھازىرلىغىنىدا؛ توغرا، ئىلمىي ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆگىنىش مېتودى ۋە ئادىتىنى يېتىلدۈرگىنىدە؛ كېيىنكى ئوقۇش، ئۆگىنىش، تەتقىقات ھاياتىغا مۇستەھكەم ئاساس تۇرغۇزالايدۇ.

نۇرۇنىگۇل ماموت (2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى): مەكتەپ كۇتۇپخانىسى بىزنىڭ بايلىق خەزىنىمىز، ئىجتىھاد قىلساقلا خەزىنىدىن بايلىق تاپالايمىز. بەش يىل جەريانىدا كەسپكە مۇناسىۋەتلىك كىتاب- ماتېرىياللار ۋە باشقا ساھەدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ ئۇنىۋېرسال ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرسەك ۋە ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ كۆرۈشكە تىرىشىدىغان بولساق بۇ بەش يىلنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بولىمىز.

گۈلجەننەت ياسىن (2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى): ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۈرسىتى ھەرقانداق ئادەمگە كېلىۋەرمەيدۇ. شۇڭا، قولىمىزغا كەلگەن بۇ پۈرسەتنى قەدىرلەپ، توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. مۇشۇ كەسپنى تاللاپ ئوقۇشقا كەلگەچكە چوقۇم كەسپكە مۇھەببەت باغلىشىمىز، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىمىز بىلەن ئۆگىنىشىمىز لازىم. ھەرگىزمۇ زېرىكىش تۇيغۇسىدا بولماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، بىز ياقتۇرغان ئىشلارنى قىلغىنىمىز بىلەن بەختلىك بولالمايمىز، بەلكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىش بىلەن بەختلىك بولالايمىز.

ھۆرىگۈل ساماساق (2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى): نەتىجە-تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ، قىزىقىش تىرىشىشقا ئاساس بولىدۇ. سىز مەيلى نېمىگە قىزىقىڭ، شۇ جەھەتتە ئىزدىنىڭ، تىرىشىڭ. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ! ھامان بىر كۈنى شۇ قىلغان ئىشىڭىزدىن ھەممە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىغۇدەك نەتىجە يارىتالايسىز. ئۆزلىكىڭىزنى، خاسلىقىڭىزنى نامايان قىلالايسىز. ھەممە قىلغاننى ئەمەس، بەلكى ھېچكىم قىلمىغاننى قىلىش تېخىمۇ مۇھىم.

ئاينۇر ياسىنجان (2008-يىللىق ماگىستىر

ئاسپىرانتى): «مەن ئالىي مەكتەپكە تېخى تۇنۇگۇنلا كەلگەندەكلا قىلغان ئىدىم، بەش يىللىق ھاياتىمنىڭ قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدىم». مانا بۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھەرقانداق ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىدىكى يۈرەك سۆزى. ھايات شۇنداق، بەزىدە سىز شان ـ شەرەپلەرگە چۆمۈلۈپ كېتىسىز ـ دە، چېھرىڭىزدە خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلىنىدۇ. يەنە بەزىدە ئويلاپمۇ باقمىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايسىز. كۆز ياشلىرىڭىز تۆكۈلىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىسىز. مۇشۇ ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ھاياتىڭىزدىكى چىقىش يولىڭىزنى تېپىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئىكەنلىكىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايسىز. ئۈمىدلىك ياشاش ھاياتىڭىزغا يېڭىچە مەنىلەرنى بېغىشلايدۇ. ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭىزدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشىنى ئاساس قىلىڭ. ئۆزىڭىزدە بار بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى قېزىپ چىقىڭ؛ كىتاپ ئوقۇش سىزنىڭ بىلىمىڭىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مېنىڭچە «قانداق كىتابلارنى ئوقۇش، قانداق ئوقۇش» مۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

## كەلگۈسىمىز تېخىمۇ پارلاق

سادا: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغان مۇھىم باسقۇچ. سىز يېزىقچىلىق ۋە كومپيوتېر لايىھىلەش ئىشلىرىدا فاكۇلتېتىمىزدىكى تالانتلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى. سىز قانداق قىلىپ ئۆزىڭىزدە مۇشۇ ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرۈپ چىقتىڭىز؟

شۆھرەت ئابلا (2005 ـ يىللىقتىن): مەن ئالدى بىلەن سادا ژورنىلىنىڭ ماڭىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن ئاجراتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. بىر جۈملىگە يىغىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ قىلغانلىرىم: قىزىقىشلىرىمنى تاشلىۋەتمەسلىك، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت. ھەر قانداق بىر ئىشنى تاشلىۋەتمەي ئىزچىل داۋاملاشتۇرسىڭىز شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولالايسىز.

ھەرقانداق ئادەمدە غايە بولىدۇ، گەپ غايىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدا ئەمەس، ئۇنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تاپالىغان ـ تاپالمىغانلىقىدا.

تۆۋەندىكىلەرى مىنىڭ نەزىرىمدىكى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم ئىشلار:

نىشان تىكلەش

سىز ئۆزىڭىزدىن ئەستايىدىللىق بىلەن «مېنىڭ نىشانىم نېمە؟» دەپ سورىسىڭىزلا نىشانىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. بىزدە: «بىر ئىشنى قىلىشنى نىشان قىلغىنىڭ ئۇنىڭ يېرىمىنى قىلغىنىڭ بىلەن باراۋەر» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. نىشان تىكلىگەندە توغرا نىشان تىكلەش ۋە بىرلا ۋاقىتتا بىرمۇنچە نىشانىنى تەڭلا تىكلىۋالماسلىق كېرەك. بىرلا نىشانىنى تىكلەپ بىرىنچىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىككىنچىسىگە ئۆتۈش كېرەك.

بەل باغلاش

سىز ئىشنىڭ دەسلىپىدە قاتتىق ئىرادىگە كېلىشىڭىز كېرەك. قىسقىسى، ئۆزىڭىزنى بىر ئاماللار بىلەن قاتتىق ئىرادىگە ئەكىلىشىڭىز كېرەك. ئاندىن ئىرادىڭىز بوشاپ قالغان ھامان ئۇنى چىڭىتىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. (مەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىم؟ نېمە ئىشلارنى قىلىپ كېتىمەن؟ مەن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى قانچىلىك قىلالىدىم. يەنە قايسىبىرىنى قىلىشىم كېرەك؟) دېگەندەك سوئاللارنى ئۆز ـ ئۆزىدىن سوراپ تۇرۇشمۇ ئىرادىنى چىڭىتىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى.

پىلان تۈزۈش

پىلان تۈزگەندە نىشانىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان بارلىق خام ماتېرىياللارنى تاللاپ چىقىڭ ۋە ۋاقتىڭىزنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇڭ. (نېمىنى ئۆگىنىش، قايسى ۋاقىتتا ئۆگىنىش، قانچىلىك ئۆگىنىش، كىمدىن ئۆگىنىش...) دېگەنلەرنى پىلانلاڭ.

ئەمەل قىلىش

قىلىش ئەڭ تەس بولغىنى، سىزگە ئەڭ پايدىلىق بولغىنىمۇ مۇشۇ. بۇنىڭغا قاتتىق ئىرادە، مۇستەھكەم روھ ۋە چىدامچانلىق بولمىسا بولمايدۇ.

ئەمەل قىلىشتا چوقۇم ئىچكى كۈچكە تايىنىشىڭىز، ئۆز-ئۆزىڭىزنى نازارەت قىلىپ، مەجبۇرلاپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ئادەمنى مەڭگۈ تاشلاپ كەتمەيدىغان ۋە ئەڭ قەدىرلىك ئىنسانلاردىن قىلالايدىغان بىردىن-بىر نەرسە ئۆگەنگەن بىلىمىڭىزدۇر.

سادا: سىز تەنتەربىيە بىلەن ئۆگىنىش ۋاقتىنى قانداق تەڭشەپ كېتىپ بارىسىز؟

مەريەمگۈل تۇرسۇن (2007-يىللىقتىن): مېنىڭچە، ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ھەم ئۆزىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان بىر ئىلمىي ئەمگەك. پەقەت توختىماي ئۆگىنىش، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىقلا غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئاشۇ گۈزەل ئارزۇلارغا يېتىشتىن ئاۋۋال ساغلام بەدەن بولۇشى كېرەك. ئەجدادلىرىمىز «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. تېنىمىز ساغلام بولسا، ئاندىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى تېز ئېگەللىگىلى بولىدۇ.

ئادەم مېڭىسى كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېتالى ياكى يۇمشاق دېتالى ئەمەس. ئۇ چارچايدۇ، ئارام ئېلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. تەنتەربىيە چېنىقىشى ئارقىلىق ئۇنى ئەڭ ياخشى ئارام ئالدۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئەستە ساقلاش كېرەك، چەكتىن ئاشقان ھەرقانداق ئىش ئەكس تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا ھەممە ئىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنىمۇ ۋاقتىدا قىلىش كېرەك، تەنتەربىيە چېنىقىشنىمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. مەن ئۆزۈمنى مىسال قىلىپ ئېيتسام، ھەركۈنى ئەتىگەندە سەھەر تۇرۇپ مەيداننى ئۈچنى ئايلىنىمەن. پۇتكۇل بەدىنىم ھاياتى كۈچكە تولغاندا ئىلىم ئۆگىنىمەن. ھەپتىنىڭ چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى ساۋاقداشىم چىمەنگۈل بىلەن مەكتەپ ۋالىبول كوماندىسىنىڭ باللىرى بىلەن بىرلىكتە، مەكتىپىمىزنىڭ تەنتەربىيە سارىيىدا توپ مەشىق قىلىمەن. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى فاكۇلتېتىكى توپ خۇمار دوست-يارەنلەرنى چاقىرىپ بىرلىكتە پەي توپ، تىنتاك توپ ياكى ۋالىبول ئوينايمەن. بىر سائەت كۆپ ئۇخلىغاندىن بىر سائەت كۆپ ھەركەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. بەزىدە تۇرمۇشۇم تولىمۇ ئالدىراش. ئەمما، ئۆگىنىشنىمۇ ۋاقتىدا قىلىمەن. مەن بۇ ئادەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى يىللىقتىكى ئاكا-ھەدىلىرىمدىن ئۆگەندىم. ھازىر تەنتەربىيە چېنىقىشى ھاياتىمنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قىسمىغا ئايلاندى. مېنىڭچە، بىز پەقەت ۋاقتىمىزنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرساق تەنتەربىيە چېنىقىش سەۋەبىدىن ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇلار بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. بەلكى، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سادا: بۇ يىل فاكولتېتىمىزدىن ئاسپىرانتلىققا ئۆتكەنلەر ئەڭ كۆپ ھوسۇللۇق يىل بولدى. ئاڭلىساق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىغا ئۆتۈپسىز. ئەمدى، ئاسپىرانتلىققا قانداق تەييارلىق قىلغانلىقىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

پاتىگۈل (2004 ـ يىللىقتىن، ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى ئاسپىرانتى): مەن ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشتا بەك كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلدىم. ئەتراپىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار 2010 ـ يىللىق ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتناشماقچى بولسا 2009 ـ يىللىق ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ 2010 ـ يىللىق ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا تەربىيىلەش سىنىپلىرىغا تىزىملىتىدۇ. مەيلى چەتئەل تىلى ماتېرىيالى ياكى سىياسەت ئوقۇشلۇقى بولسۇن، ئۇلار ھەرخىل نەشرىياتلاردىكى يېڭى نۇسخىسىنى سېتىۋالىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ماڭا لازىم بولىدىغان ماتېرىياللىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدىم ھەم ھېچقانداق تەربىيىلەش سىنىپلىرىغا قاتناشمىدىم. پەقەت سېتىۋالغان ماتېرىياللىرىمغا تايىنىپ ئالدى بىلەن چەتئەل تىلى ۋە سىياسەتنى ياخشى تەكرار قىلدىم. چەتئەل تىلىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمدا ئۆزۈمنىڭ كۈچى يېتىدىغان ھەم نومۇر ئالغىلى بولىدىغان سوئاللارنى ئالدى بىلەن ئىشلىدىم. سىياسەتنى كۆرگەن ۋاقتىمدا ئەڭ ئاۋۋال ئاساسلىق نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگەندىم. ئۇنىڭدىن كېيىن يىللىق تەقلىدى ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئىشلىدىم. بۇ ئىككى پەندە ئاز تولا بىر نەرسە ئۆگەنگەندىن كېيىن كەسپىي پەننىمۇ قوشۇپ ئۈچ پەننى تەڭ تەكرار قىلدىم. ئىمتىھانغا 20كۈن قالغاندا «20كۈندە 20سوئال» دەيدىغان سىياسەتنىڭ تەكرارلاش ماتېرىيالى نەشىردىن چىقتى. سىياسەتنى تەكرارلاشتا مۇشۇ ماتېرىيالنى ئاساس قىلدىم. چەتئەل تىلدا导航 ۋە 启航نىڭ ئاخىرقى تۆت نۇسخا، ئاخىرقى ئۈچ نۇسخا ۋە مۆلچەرلەنگەن ماقالىلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشىردىن چىقتى. بۇ ۋاقىتتا كۆرىدىغان دائىرە كىچىكلەپ مۇھىم نۇقتىلارنى ئاساسلىق قىلىپ كۆردۈم. ئاخىرىدا مىنىڭ ساۋاقداشلارغا دەيدىغىنىم: ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانى بىز ئويلىغاندەك ئۇنچە تەس ئەمەس، تىرىشىدىغانلا بولساق ھەممەيلەن ئۆتۈپ كېتىمىز.

سادا: ھازىر چەتئەل تىلى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم ئىش قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. سىز كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى 6 ـ دەرىجىدىن ئۆتتىڭىز. ئەمدى، ساۋاقداشلارغا تىل ئۆگىنىش تەجرىبىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

ئوسمانجان توختى (2005 ـ يىللىقتىن): بەزىلەر ئىنگلىز تىلىغا «بېرىش» نىڭ قىسقا يولى يوق دەيدۇ، مېنىڭچە بىز ھازىر مېڭىۋاتقان يوللاردىن قىسقىراق يول بار، ئەمما «ئاسان» يولى يوق. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمنىڭ بىرى: ئۇيغۇر تىلى كەسپىدە ئوقۇغىنىم بەك توغرا بولۇپتىكەن. كۆپۈنچە ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە خەنزۇ تىلىنى ۋاستە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك» سوقماقچى بولىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىر تۇيۇق يولغا باشلايدۇ. سىز ئۆزىڭىز تازا بىلىپ كەتمىگەن بىر تىل بىلەن يەنە بىر يات تىلنى قانداقمۇ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ ئۆگىنەلەيسىز؟!

گىراماتىكا جەھەتتە، قېلىپقا سالغىلى بولمايدىغان خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسى ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسىنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن كۆرە، مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، چۈشىنىكسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلگىنىڭىز سىزنىڭ تەلىيىڭىز. «ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسىنىڭ سىرى» نى يېشىپ بېرىدىغان گىراماتىكا كىتابلىرىنى ئاز كۆرۈپ، ئۆزىڭىز تەتقىق قىلىپ بېقىڭ. بۇ ئاسان ئەمەس، ئەمما سىزنى بىرمۇنچە ئەگرى يولدىن ساقلايدۇ.

سۆزلۈك ئۆگىنىش جەھەتتە، ئىنگلىز تىلى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەنزۇ تىلى

پىئىل شەكىللىرى ئېنىق، ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىمۇ ئېنىق، ئۇيغۇر تىلى بىلىگىنىڭىز ئۈچۈن، مۇشۇ نوقتىدا سىز باشقىلاردىن ئۈن باراۋەر تەلەيلىكسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇرچىغا يېقىن كېلىدۇ. ئېنگلىزچە بىر سۆزنىڭ خەنزۇچىدا ئۈچ ـ تۆت مەنىسى چىقىشى مۇمكىن، ئۇيغۇرچىدىكى باراۋەر بىر سۆز بىلەن ئاشۇ سۆزنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيسىز، قالغان «ئىككى ـ ئۈچ» مەنىسى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچىدىمۇ باراۋەر كۆچمە مەنىدە ئىشلىتەلەيسىز.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىسام، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك» سوقماقچى بولماڭ، «پاختەك»نى بىردىن ـ بىردىن، ئايرىم ـ ئايرىم سوقۇڭ. قولىڭىزدا بىر ئېنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت، يەنە بىر ئېنگلىزچە ـ ئېنگلىزچە لۇغەت بولغىنى ياخشى. مەن بىلىدىغان بىر گراماتىكا كىتابى: «شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى» (2004 ـ يىل 5 ـ ئاي) نەشىر قىلغان، مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر بىلەن بۇۋىنۇر بەكرىنىڭ «ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسى» دېگەن كىتابى پايدىلىنىشىڭىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن پايدىسىنى كۆرگەن ياخشى ئۇسۇللاردىن: ئۆزىڭىز ياقتۇرغان بىرەر پارچە ياكى ھېكايىنى تېپىپ، ھەربىر جۈملە، سۆز، چېكىت ـ پەشكىچە قايتا ـ قايتا ئۆگىنىڭ، تەتقىق قىلىڭ. بىرەر ئاڭلاش ماتېرىيالىنى تېپىپ، تېكىستىنى كۆرمەستىن قايتا ـ قايتا ئاڭلاڭ. يۈز قېتىم، مىڭ قېتىم ئاڭلاڭ. ئەمما بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال كۆرۈڭ، سىستېمىلىق ئۆگىنىمەن دەپ بىر خىل كىتابنى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. سۆزنىڭ ئىسىم، سۈپەت،

بىرىنچى قىسىمدىن ئالتىنچى قىسمىغىچە كۆرىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ھەممىمىز يەنىلا ئىزدىنىۋاتىمىز، ئۆگەنگۈچىلەرگە ھەقىقى ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرنى كېيىنكى كۈنلەردە بىرلىكتە رويابقا چىقارغۇمىز.

سادا: ئالىي مەكتەپ ھاياتى تولىمۇ رەڭدار ھەم گۈزەلدۇر. ئەمما، بۇ رەڭدار ھەم گۈزەل ھايات بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز بولمىسا، نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن. سىز دەل بۇ خىل ھايات پەيزىنى سۈرگۈچى، تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشكۈچىدۇر. ھەر يىلقى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئىسمىڭىزنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەۋەس قىلىمىز. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىدىكى سىر زادى نېمە؟

ئاسىمە ئىلھام (2006 ـ يىللىقتىن): ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا ھېچقانداق بىر سىرمۇ يوق. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ مەندىكى ئۆگىنىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش، ئۆزۈمگە ئىشىنىش، ئەڭ مۇھىمى مەندىكى ئىزچىللىق. مېنىڭچە ھەر بىر ئوقۇغۇچىدا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن قىزغىنلىق، بىلىم ئېلىشقا نىسبەتەن ئوتتەك ئىشتىياق بولىدۇ. لېكىن، مۇشۇ قىزغىنلىق ئىچىدىن مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ مېڭىش ۋە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن سىزدە چوقۇم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش روھى بولۇش كېرەك.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز داۋاملىق: «ئادەمنىڭ غايىسى قانچە ئۇلۇغۋار بولسا، ئىرادىسى شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ. تىرىشچانلىقىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ» دەيدىغان. بەلكىم مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك،

شۇنىڭدىن باشلاپ مەندە تىرىشىپ بىلىم ئېگىلەپ داڭلىق ئالىم بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلدى. شۇ ئارزۇ بىلەن تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم ھەمدە خېلى ياخشى نەتىجە بىلەن بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم.

ھەر كۈنى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرار قىلغاندىن سىرت مۇئەييەن ۋاقىت چىقىرىپ ئىنگلىز تىلى ئۆگەندىم. ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇدۇم. بۇلاردىن باشقا مەكتەپ ۋە فاكۇلتېت ئۇيۇشتۇرغان ھەرخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتىم. گەرچە كۈنلىرىم ئىنتايىن ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم. شۇ ئارقىلىق بۇگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم. ۋاقىت ھەقىقەتەنمۇ تېز ئۆتىدىكەن. مانا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ بوپتۇ.ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئويلىسام، مەن قىلىپ بولالمىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار ئىكەن. بۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ساۋاقداشلىرىمغا، مەكتەپداشلىرىمغا شۇنداق مۇراجىئەت قىلغۇم كېلىدۇ: گۈل تۇزىسا يەنە قايتا ئېچىلىدۇ. لېكىن، ياشلىق كەتسە قايتىپ كەلمەيدۇ. ھەممىمىز ياشلىقىمىزنىڭ گۈلدەك مىنۇتلىرىنى بىلىم ئېگىلەشكە سەرپ قىلايلى! بىز ماڭىدىغان يول تېخى ئۇزۇن، مەنزىلىمىز تېخى يىراق!

سادا: مەكتىپىمىزگە كەلگەندىن كېيىن، قانداق ھېسسىياتقا كەلدىڭىز؟ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن ئالى مەكتەپ ھاياتىڭىزدىكى بۇ ئۆتكۈنچى باسقۇچقا قانداق مۇئامىلىدە بولدىڭىز؟

مېھرىللا تەۋەككۇل (2008 ـ يىللىقتىن): مەن پەن بىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىم، پايتەخت بېيجىڭغا بولغان يۈكسەك قىزغىنلىقىمنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇزۇن مەزگىللىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىر بۇ يىل، ئالىي بىلىم يۇرتى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەلبىمدە ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە كېلىپ، ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

پايتەختتىكى بۇ بىلىم ـ مەرىپەت باغچىسىغا قەدەم ئالغان كۈنۈم تېخىرقاش ۋە تەمتىرەش تۇيغۇسىغا ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل، كۈچلۈك سۆيۈنۈش تۇيغۇمنىڭ ئىلھامى بىلەن مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئىچىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىم. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ئويلىغىنىم قانداقتۇر يېڭى مۇھىت توغرىسىدىكى شەخسىي ھېسسىياتىملا ئەمەس،يۇرتۇمدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئاتا ـ ئانام، دوست ـ بۇرادەر، قېرىنداشلىرىمنىڭ ماڭا قىلغان ئوتلۇق ئىنداللىرى ۋە قەلبىمدە ئارزۇ دەرىخىمنى ئىلھام شەربىتى بىلەن سۇغۇرۇپ بۇيۇك نىشانلىرىمنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن ئەقىل ـ ئىدراك، غەيرەت ـ جاسارەت ئاتا قىلىدىغان خاسىيەتلىك ماكان دەپ ئورۇن ئالغان بۇ يېڭى مەكتىپىم ئۈستىدىكى مۇرەككەپ تەھلىللىرىم بولىدى. ئېسىمدەكى شۇ ۋاقىتتا ساۋاقداشلىرىممۇ ماڭا ئوخشاش غايىۋى تۇيغۇلارغا چۆمگەنىدى... شۇ خىل مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئىچىدە 39 نەپەر ساۋاقدىشىم بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىغا كىرىشىپ كەتتىم.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كەلگىنىمىزگىمۇ بىر يىل بولاي دېدى، بۇ جەرياندا مەن خۇشال بولاي ياكى خاپا بولاي ھەر بىر كۈنۈمنىڭ يەنىلا كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىنتىلىش كەيپىياتىدا ئۆتكىنى ئېنىق، چۈنكى مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمگە شۇنداق خىتاب قىلىپ كەلدىم: «مەن ئۆز كەسپىم بولغان ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن بەختلىك ئۇيغۇر پەرزەنتى، مەن ھەقىقەتەن بەختلىك! چۈنكى مەن پايتەختتە تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئاقىل ئۇستازلىرى ۋە بىلىم ئېگىلىرىنىڭ تەربىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولغۇچىدۇرمەن!».

راست، بىز ھەقىقەتەن بەختلىك، بۇ ھەم بىزنىڭ بەختىمىزنى ھېس قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئاۋايلىشىمىزغا باغلىق.

ئالىي مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىغا سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە ۋە خىسلەتلىك ھايات باسقۇچى، چۈنكى مەن ئالىي مەكتەپ قويىندىكى ئەركىن ھايات قوينىدا ئۆز خاسىيىتىمنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادە قىلالايمەن، كۈچلۈك رىقابەت ئىچىدە بىھۇش نېرۋىلىرىمنى ئويغىتىپ ئىقتىدارىمنى مەردانە ھالدا نامايەن قىلالايمەن. ئەلۋەتتە39نەپەر ساۋاقداشىممۇ بۇ خىل تۇيغۇلاردىن مۇستەسنا ئەمەس، چۈنكى ھەممىيلەن تاللانغان، خىللانغان نادىر ئوقۇغۇچىلارمىز. بىزنىڭ ئورتاق بەخت تۇيغۇسى ئىچىدىكى ئورتاق غايە ۋە شۇئارىمىز شۇكى: ئانا تىلىمىز ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن ئاتالغان بۇ شەرەپلىك مۇساپىمىزدە مەڭگۈلۈك ئۇتتۇق ۋە نۇسرەت بىزلەرگە مەنسۇپ! ئانا مەكتىپىمىز ۋە مۆھتەرەم ئۇستازلىرىمىز بىزلەردىن مەڭگۈ ئىپتىخارلىنىدۇ، بىزنىڭ نەتىجىلىرىمىز مىللەت پەخرى سەھنىسىدە مەڭگۈ جۇلالىنىدۇ!

بىلىم ئاسمانىدا پارلىغاندا ئاي،
بولغايمىز بىز ئۇنىڭ نۇرلۇق چولپانى!
ئىلىم كۆرىشىگە چاپتۇرۇلسا تاي،
بولغايمىز بۇ يولدا ئەلنىڭ پالۋانى!




سۈرەتلەرنى 2005 ـ يىللىقتىن نۇردۇن ئەيىندىن تارتقان

# ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ قىممىتى

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:
گۈلجەننەت ياسىن (2008 ـ يىللىق ئاسپىرانتى)

1927 ـ يىلى قۇرۇلغان، دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر پىركازچىكلارنى تەربىيلەپ شۆھرەت قازانغان بېرجىنس ئىلمىي جەمئىيىتى، 2001 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «ئەڭ داڭلىق پىركازچىك» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ئالتۇن ئۆتۈكنى جورج روبېرت ئىسىملىك پىركازچىكقا تەقدىم قىلدى. چۈنكى، ئۇ بىر تال پالتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا زۇڭتۇڭ بوشقا سېتىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇ بۇ پالتىنى قانداق قىلىپ ساتالىدى؟ شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، زوڭتۇڭ بوشنىڭ ھېچ نەرسىسى كەم ئەمەس. بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ ئۆزى بېرىپ سېتىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، سېتىۋالغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدىن سېتىۋېلىشى ناتايىن ـ دە. مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جورج مۇنداق جاۋاپ بەردى: «مېنىڭچە، پالتىنى زۇڭتۇڭ بوشقا سېتىپ بېرىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان يېرى يوق. چۈنكى، كىچىك بوشنىڭ تېكساس شتاتىدا بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بار بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن، مەن بوشقا ‹دېھقانچىلىق مەيدانىڭىزدا نۇرغۇن ياۋا دەرەخلەر ئۆسۈپ كېتىپتۇ، يەنە تېخى بەزى دەرەخلەر قېرىپ غوللىرى كاۋاكلىشىپ كېتىپتۇ، سىزگە چوقۇم بىر دانە گالراق پالتا كېرەك بولىۋاتىدۇ. مەندە ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان مۇشۇنداق قۇرۇق دەرەخلەرنى كېسىشكە باپ كېلىدىغان پالتىدىن بىرسى بار. ئەگەر قىزىقسىڭىز مۇشۇ خەتتىكى ئادرېس بويىچە جاۋاپ قايتۇرۇڭ.› دەپ خەت يازدىم، كېيىن ئۇ ماڭا 15 دوللار ئەۋەتىپتۇ.»

بېرجىنس ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ ئوردېن تارقىتىش مۇراسىمىدا مۇنداق نۇتۇق سۆزلەنگەن: ئالتۇن ئۆتۈك مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغىنىغا 26 يىل بولدى. بۇ 26 يىلدا جەمئىيىتىمىز مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان پىركازچىكلارنى تەربىيلەپ، كۆپلىگەن مىليونېرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بىراق بىز ئىزچىل جورج روبېرتقا ئوخشاش ئادەمنى ئىزدەپ كەلدۇق. بۇ ئادەم ——— باشقىلارغا ئوخشاش بىراۋ يەتكىلى بولمايدۇ دېسىلا، نىشانىدىن ئاسانلا ۋاز كەچمەيدۇ، شۇنداقلا بەزى ئىشلاردا ۋۇجۇدقا چىقىرىش تەس بولسىلا ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. شۇڭا «ئالتۇن ئۆتۈك» مۇكاپاتى باشقىلارغا بېرىلمەي جورجقا بېرىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ تور بېكىتىگە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز يېزىلغان: بەزى ئىشلار تەس بولغانلىقتىن ئىشەنچىمىز يوقاپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئىشەنچىمىز يوقاپ كەتكەچكە تەسلىشىپ كېتىدۇ.

《你能改变命运》 ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

# بارىش مانچونىڭ نەق مەيدان تېلېۋىزىيە زىيارىتىدە فىرانسۇز رىياسەتچىگە بەرگەن دەرس

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: توختىگۈل (2005)

بارىش مانچو فىرانسىيىدە بىر تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ نەق مەيدان زىيارىتىگە مېھمان سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ پروگراممىنىڭ رىياسەتچىسى ئەدەبسىزلىك قىلىپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدىغان چاقچاقلارنى قىلىدۇ، ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن ئۇنىڭغا «تۈرك دېگەن زالىم، زومىگەر، ۋەھشى كىلىدۇ... ۋە ھاكازالار» دەيدۇ، بارىش مانچو بۇ گەپكە چىدىماي ئاخىر رىياسەتچىگە «يېنىڭىزدا قەغەز پۇل بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، بۇ گەپكە رىياسەتچى ناھايىتى ھەيران قالىدۇ ۋە «بار، لىكىن نېمىگە ئىشلىتىسىز؟» دەپ سورايدۇ. بارىش مانچو چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن رىياسەتچى ئامال يوق يېنىدىن بىر قانچە قەغەز پۇل چىقىرىدۇ، بارىش مانچو رىياسەتچىدىن سورايدۇ:

ـ بۇ پۇلدا رەسىمى بار كىشى كىم؟

ـ گېنىرال.

بارىش مانچو باشقا پۇللاردىكى رەسىمى بار كىشىلەرنىمۇ سورايدۇ، رىياسەتچىنىڭ بەرگەن جاۋابىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ گېنىرال، ئوفىتسىر، قوماندان، رىياسەتچىنىڭ بۇ «پالانچى گېنىرال، پالانچى ئوفىتسىر، پالانچى قوماندان» جاۋابىدىن كېيىن، بارىش مانچو ئۆزىنىڭ يېنىدىكى تۈرك پۇللىرىنى چىقىرىدۇ ۋە رىياسەتچىگە مۇنداق دەيدۇ:

ـ بۇ پۇلدا رەسىمى بار كىشى مەھەممەت ئاكىف ئەرسوي، داڭلىق شائىرىمىزدۇر.

ـ بۇ پۇلدا رەسىمى بار كىشى مەۋلان، داڭلىق مۇتەپەككۇرىمىزدۇر.

ـ بۇ پۇلدا رەسىمى بار كىشى فاتىخ سۇلتان مەھمەت، ئادالەتنىڭ سىمۋولىدۇر.

ـ بۇ پۇلدا رەسىمى بار كىشى بولسا ئاتا تۈرك، «مەملىكەتتە تىنچلىق بولسا، دۇنيادا تىنچلىق بولىدۇ» دېگەن ئادەم.

بىزنىڭ پۇللىرىمىز مۇشۇلار... ، بىز ئەدەب ـ ئەخلاقلىق، ئالىيجاناپ، تەربىيىلىك، مەدەنىي كىشىلەردىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پۇلىمىزنىڭ ئارقىسىغا شائىرلىرىمىزنىڭ، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ، ئالىملىرىمىزنىڭ رەسىمىنى باستۇق، سىلەر فىرانسۇزلار ئۆزۈڭلار زالىم، زومىگەر، ۋەھشى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن پۇلۇڭلارنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇش مەيدانىدىكى قانخورلارنىڭ رەسىمىنى باستىڭلار، ـ دەيدۇ.

بارىش مانچونىڭ بۇ مۇكەممەل جاۋابىنى ئاڭلىغان رىژىسسورلار نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنى ئۈزىۋېتىدۇ ۋە رىياسەتچىنى سەھنىدىن چۈشۈرىۋېتىپ يېڭى رىياسەتچى ئالماشتۇرىدۇ ۋە كۆرۈنۈش قايتىدىن باشلىنىدۇ، يېڭى رىياسەتچى بارىش مانچودىن ۋە تۈركلەردىن نەق

مەيداندىلا كەچۈرۈم سورايدۇ، پروگرامما قايتىدىن داۋاملىشىدۇ.

# كەم - كۈتسىز مۇھەببەت

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلانۇر ئەسقەر (2006)

‹‹قوزامنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟!›› مانا بۇ، دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋىقنى كۆرۈشكە تەشنا ياش ئانىنىڭ دوختۇردىن ئۆتۈنۈشى ئىدى.

دوختۇر يېڭى تۇغۇلغان ئوماققىنە بوۋاقنى ئانىنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئانا ـ بالىغا بەخت تىلەپ چىقىپ كەتتى. ئانا ئەمدىلا بوۋاقنىڭ يۈزىگە يېپىلغان داكىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە، ئوماق يۈزلىرىگە خۇشاللىق بىلەن سەپ سېلىشقا باشلىدى، بىراق، ئۇشتۇمتۇت ئەندىكىپ كەتتى. بۇ نېمە ئىش؟ ئەسلىدە بالىنىڭ بىر جۈپ قۇلىقى تۇغۇلۇشىدىنلا يوق بولۇپ، دوختۇر بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغان ئىدى ...

ئانا بالىسىنىڭ كەلگۈسىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى، بەختىگە يارىشا، كېيىنچە ئۇلار بالىنىڭ ئاڭلاش سېزىمىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، قۇلىقىنىڭ يوقلۇقى پەقەت تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىكىلا يوقلۇق ئىكەنلىكىنى بايقاشتى.

بالا ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى. بىر كۈنى، ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئانا ئېغىر ئۇھ تارتتى، ئۇ ئوغلىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز كۆڭۈلسىزلىكلەرگە تولغانلىقىنى بىلەتتى. شۇ ئاردا بالا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ ئېسەدىگىنىچە ‹‹بىر ئوغۇل بالا... چوڭ بىر ئوغۇل بالا... مېنى غەلىتە مەخلۇق دەپ مەسخىرە قىلدى...›› دېدى.

كۇنلەرنىڭ ئايلارنى، ئايلارنىڭ يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈشى بىلەن بالىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ قالدى. بالىنى مەجرۇھلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنى قامەتلىك دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئەڭ ئامراق ئادىمى ئىدى، ئەگەر ئاشۇ «ئەيىبى» نى دېمىسە ئۇ سىنىپ باشلىقىمۇ بوپ قالغان بولاتتى، بىراق شۇ...

بارا ـ بارا ئۇنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى تالانتى كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى.

«سەن باشقا ياشلار بىلەن كۆپرەك يولۇقۇپ تۇرساڭ بولاتتى...» دەپ غودۇراپ قوياتتى ئانا مۇنداق ۋاقىتلاردا ئوغلىغا كۆيۈنگەن ئاھاڭدا.

ئوغلىنىڭ بۇ ھالىغا چىدىمىغان دادا دوختۇرنى ئىزدەپ بېرىپ، ئوغلىنى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالى بار يوقلۇقى توغرىسىدا سورىدى.

دوختۇر: «پەقەت بىرجۈپ قۇلاق ئۇنىڭغا كۆچۈرۈلسىلا ئىش پۈتىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادا ۋە ئانا، تەرەپ ـ تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ بىر ياش ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىشنى خالايدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

ئىككى يىل ئۆتتى. بىر كۈنى دادا ئوغلىغا: «ئوغلۇم، ساڭا خۇش خەۋەر، ساڭا قۇلىقىنى تەقدىم قىلىشنى خالايدىغان كىشىنى تاپتۇق. بىراق، ئۇنىڭ كىملىكى ھازىرچە مەخپىي...» دېدى ۋە مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى. يېڭى، پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر ھايات بالىغا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى. شۇندىن كېيىن بالىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق

بولدى، ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى، ئىناق بىر ئائىلىسىمۇ بولدى، تېخى يەنە، ئۇنىڭ تالانتى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئۇ بىر داڭلىق دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولۇپ قالدى. يۇقىرىقى بەختلەرنىڭ ساھىبى بولغان بالا ئۆزىگە بىر جۈپ قولاق، ياق، ياق يېڭى بىر دۇنيانى ئاتا قىلغان ئاشۇ شاپائەتچىسىنى بىلىشكە شۇنچىلىك ئىنتىزار ئىدى. دادىسىدىن ئۇ كىشىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى توختىماستىن سورايتتى: «مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ جاۋاب قايتۇرغۇم بار ...» دەيتتى بالا.

«مەنچە سەن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بولالمايسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ساڭا ئۆزى ھەققىدە ھېچنىمە ئېيتماسلىقىمنى جېكىلىگەن، ھازىر دەيدىغان ۋاقتى ئەمەس» دەيتتى دادا بۇنداق چاغلاردا.

يىللار بۇ سىرنى ئۆز قوينىدا يوشۇرۇپ كېتىۋەردى، ئەمما، ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتۇپ، بۇ سىر ئاشكارىلىنىدىغان كۈنمۇ كەلدى. بىر پەرزەنت بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ قارا كۈن يېتىپ كەلگەن ئىدى.

بالا دادىسى بىلەن بىرگە ئانىسىنىڭ جەسىتى ساندۇقى ئالدىدا تۇراتتى، بۇ دەم دادا، ئانا ياتقان جەسەت ساندۇقىغا قوللىرىنى ئاستا-ئاستا ئۇزارتتى ۋە ئانىنىڭ قېنىق قوڭۇر چاچلىرىنى قايرىپ ئوغلىغا كۆرسەتتى. ھەممە ئىش ئايدىڭلاشقان ئىدى. دەرۋەقە سىز پەرەز قىلغاندەك ئانىنىڭ بىرجۈپ قۇلىقى كۆرۈنمەيتتى.

«ئاپاڭ دائىم ئەمدى چاچ ياستىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى دەيتتى» دېدى دادا يېنىك پىچىرلاپ: «ئەزەلدىن ھېچ كىم ئۇنىڭ گۈزەللىكىدە زەررىچىلىك كەمتۈكلۈك بار دەپ قارىمايتتى، شۇنداقمۇ؟!»

ھەقىقىي مۇھەببەت تاشقى كۆرۈنۈشتە ئەمەس، بەلكى گۈزەل قەلبىڭىزدە، چىن سۆيگۈ پەقەت ئاشۇ ئۈن-تىنسىز بېغىشلاشتا.

سىزگە كېرەك بولغان مۇنداق كەم-كۈتىسىز مۇھەببەتنى بەلكىم، پەقەت ئاشۇ قەدىردانلىرىڭىزلا سىزگە ئاتا قىلالىشى مۇمكىن.

ئاتا-ئانىلار ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى قەدىرلەشنى بىلەيلى! ئۇلارنىڭ بىز ئۈچۈن قاپارغان شۇ قوللىرىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ مېھرىمىز بىلەن سۆيۈپ قويايلى!

**(Immortal Love)** نامىلىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.



# «سوفى ئاللاھ يار» ھېكايەتلىرىدىن ئۈچ پارچە

## چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ئۆرگۈچى: نەبىجان تۇردى (2006)

ھېكايەتى ھەججاج①

(ھەججاج ھەققىدە ھېكايەت)


حکایت حجاج
مسلمانیغه بر کون ایدی حجاج
دعای خیر اوچون بزگه قولینک آچ
دعاغه قول کوتاردی اول انکو حال
یارب قیدی بو ظالم جانینی آل
دیدی حجاج اوشل مرد خداغه
تیلینک باردی نچوک موندغ دعاغه
دیدی حجاجغه اول مرد انکو سیر
سنکا هم بارچه مؤمنلاغه دور خیر
گناهینک کم بولور اولسنک اگر تیز
کیتار ظلمینک ایلارنی باشیدین تیز

مۇسۇلمانىغا بىر كۈن ئايدى ھەججاج،

دۇئايى خەير ئۈچۈن بىزگە قولۇڭ ئاچ.

يېشمى: بىر كۈنى ھەججاج (بىر) مۇسۇلمانغا ئېيتتى:«بىزگە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغىن».

دۇئاغا قول كۆتۈردى ئول نىكۇھال،

يارەب دەدى بۇ زالىم جانىنى ئال.

يېشمى: ئۇ خوشاللىق بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ دېدى: «خۇدايا، بۇ زالىمنىڭ جېنىنى ئالغىن.»

دەدى ھەججاج ئوشۇل مەرد خۇداغا،

تىلىڭ باردى نەچۈك مۇنداغ دۇئاگە.

يېشمى: ھەججاج ئېيتتى: «ئەشۇ سېخىي خۇداغا بۇنداق دۇئا قىلىشقا قانداق تىلىڭ باردى؟»

دىدى ھەججاجغا ئول مەرد نىكۇ سەير،

ساڭا ھەم بارچە مۇئمىنلارغادۇر خەير.

يېشمى: ھەججاجغا ئېيتتى: «بۇ ھىممەتلىك، خۇش بىر سەپەركى، ساڭا ۋە بارچە مۇسۇلمانلارغا خەيرلىكتۇر.»

گۇناھىڭ كەم بولۇر ئۆلسەڭ ئەگەر تىز،

كەتەر زۇلمىڭ ئۆلارنى باشىدىن تىز.

يېشمى: ئەگەر تېززەك ئۆلسەڭ زۇلمىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تېز كۆتۈرۈلىدۇ ۋە گۇناھىڭمۇ كەم بولىدۇ.

هېكايەتى سەئىد ۋە سەئدى

(سەئىد ۋە سەئدىنىڭ ھېكايىسى)


حکایت سعید و سعد
سعید و سعد قیلدی عهد یاری
سفر بولدی الارنی اختیاری
دل و جان ده یک ایدی اول ایکی آگاه
قضادین آقتیلار دریاغه ناگاه
بر سین توتی ملاهی اوشول حال
دیدی قویغیل منی یاریم قولین آل
مونی قویدی آنی چون توتی مضبوط
بو هم ایدی منی قویغیل آنی توت

سەئىد ۋە سەئدى قىلدى ئەھدى يارى،

سەفەر بولدى ئۇلارنى ئىختىيارى.

يېشمى: سەئىد بىلەن سەئدى دوست بولۇشقا ۋەدە قىلىشتى. سەپەر قىلىشنى ئىختىيار قىلىشتى.

دىل ۋە جاندەك ئىدى ئۇل ئىككى ئاگاھ،

قەزادىن ئاقتىلار دەرياغا ناگاھ

يېشمى: ئىككىسى قەلب ۋە جاندەك شۇنداقلا زېرەك ئىدى، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن تۇيۇقسىز دەرياغا چۈشۈپ كەتتى.

بىرىسىن تۇتتى مەللاھى ئوشۇل ھال،

دىدى قويغىل مەنى يارىم قولىن ئال.

يېشمى: شۇ چاغدا كېمىچى بىرسىنى تۇتىۋالدى، ئۇ دېدى: «مېنى قويغىن دوستۇمنىڭ قولىدىن ئالغىن (دوستۇمنى قۇتقۇزغىن).»

مۇنى قويدى ئانى چۇن تۇتتى مەزبۇت،

بۇ ھەم ئايدى مەنى قويغىل ئانى تۇت.

يېشمى: (كېمىچى) بۇنى قويۇپ يەنە بىرىنى تۇتتى. ئۇمۇ منى قويۇپ ئۇنى قۇتقۇز دەيتتى.

تەماشا قىل ئۇلاردىن ئەھدى يارى،

ئەنە قەۋلى دۇرۇست ئەرلەنى كارى.

يېشمى: دوستلۇققا ئەھدىلەشكەنلەر ئۇلارنى تاماشا قىلىڭلار (كۆرۈڭلار)، بۇ سۆز راستچىل ئەرلەرنىڭ ئىشىدۇر.

## هېكايەتى ھەزرەتى لوقمان②

(ھەزرتى لوقمان ھەققدە ھېكايەت)



حکایت حضرت لقمان

نصیحت قیلدی فرزندیغه لقمان
سنکا جاهل کیشی بحث ایتسه ای جان
جواب الغیل انکا شیرین یومشاغ
مگر بولغای جهالت خمریدین ساغ
اگر نفع ایتمسه قیلماغه اعاده
بولور ایغان سری جهلی زیاده
انکا سود ایتمسه ایماغ صوابی
سکوت ایتمق دوراندین سونک جوابی

نەسىھەت قىلدى فەرزەندىغە لوقمان،

ساڭا جاھىل كىشى بەھس ئەتسە ئەي جان.

يېشمى: لوقمان پەرزەنتىگە نەسىھەت قىلدى: «ئەي جان، جاھىل كىشى بىلەن مۇنازىرە قىلىشساڭ....»

جەۋاب ئالغىل ئاڭا شىرىن يۇمشاغ،

مەگەر بولغاي جەھالەت خەمرىدىن ساغ.

يېشمى: ئۇنىڭغا شىرىن يۇمشاق جاۋاپ بەرگىن، بەلكىم نادانلىق شارابىدىن ساق بولۇر.

ئەگەر نەفئ ئەتمىسە قىلما ئەئادە،

بولۇر ئايغانسېرى جەھلى زىيادە.

يېشمى: ئەگەر (سۆز) پايدا قىلمىسا، ئارتۇق سۆزلىمە. (بولمىسا) سۆزلىگەنسېرى جاھىللىقى زىيادە بولىدۇ.

ئاڭا سۇد ئەتمىسە ئايماغ سەۋابى،

سۈكۈت ئەتماكدۇر ئاندىن سوڭ جەۋابى.

يېشمى: سۆزلىمەكتىن ئۇنىڭغا نەپ تەگمىسە، كېيىنكى جاۋاب سۈكۈت قىلماقتۇر.

ئىزاھات:

①ھەججاج ——— ھەججاج ئىبنى يۇسۇپ، خەلىپە ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە ئىراقنىڭ تەفت شەھرىگە ھاكىم بولغان زالىم ئەمەلدار.

②لوقمان ——— لوقمان ھەكىم

سوفى ئاللاھ يارنىڭ «سەباتىل ئاجىزىن» دىن تاللاپ ئۆرۈلدى.

# يىللىق قىسقا خەۋەرلەر

△2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەھمۇد كاشغەريي مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە بۇ جەرياندا ئوپال خەلقى ۋە ساياھەتچىلەرنى زىيارەت قىلىپ، كاشغەريي قەبرىسىنىڭ قوغدىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان تونۇشىنى ئاشۇردى.

△2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12،13 ـ كۈنلىرى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تىزىمغا ئېلىش كۈنى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن فاكۇلتېتىمىز تولۇق كۇرس سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان 40 نەپەر ئوقۇغۇچى 2007 ـ يىللىق سىنىپتىكى ئاكا ـ ھەدىلىرىنىڭ ياردىمىدە، مەكتەپكە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇردى ۋە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىردى.

△2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئاستىدا، 2008 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار سەددىچىن سېپىلى، شىسەنلىڭ سۇ ئامبىرى قاتارلىق داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدا ساياھەتتە بولدى. بۇ قېتىمقى ساياھەت ئارقىلىق يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئالدىدىكى ئازادە كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈلدى.

△2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مەدەنىيەت بىناسىدا، فاكۇلتېت 5 ـ نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە بۆلۈم باشلىقلىرى سايلاپ چىقىلىپ رەسمىي خىزمەت باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

△2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 2008 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى «يېڭى ئوقۇغۇچىلار ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى» دە ئۆزلىرىنىڭ شوخ، شادىيانە ئۇسسۇلى بىلەن تاماشىبىنلار ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

△2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مەركىزى گۈزەل ـ سەنئەت ئىنستىتوتى لايىھىلەش فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى كاملجان نەسمى «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ لېكسىيىسىدە، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، تۈرلىرى ۋە خەتتاتلىرىمىز ھەققىدە تەپسىلىي ئىزاھلارنى بېرىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەتتاتلىق ھەققىدىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

△2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئاسىمە، مىجىت قاتارلىق يىگىرمەيلەن يىڧۇ تەنتەربىيە سارىيىدا «بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش گىمناستىكا مۇسابىقىسى» گە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، «كوللېكتىپ مۇنەۋۋەر كوماندا» شەرىپىگە نائىل بولدى. بۇ نەتىجە فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇشۇ خىل مۇسابىقىدە ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

△2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»نى خاتىرىلەش ئۈچۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى جەمئىيىتى بېيجىڭدا بىرلىكتە «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئۆتكۈزدى. يىغىن ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، 120 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. ۋەكىللەر ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئابىدە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى چۆرىدىگەن ھالدا 110 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى.

△2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىزدىن ئابلىمىت، مەرىيەمگۈل تۇرسۇن قاتارلىق 19 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «قىشلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى» گە قاتنىشىپ، 5 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈگۈرۈش تۈرى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىغا خاتىمە بەردى.

△2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچتە، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ئەپەندىم «بىز دۈچ كېلىۋاتقان خىرىسلار» تېمىسىنى چۆرىدەپ لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە سوئال سوراش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. لېكسىيە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانى ۋە خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆز سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشتى.

△2008 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى «تارىخىي رومان ‹مەھمۇد كاشغەرىي› ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈپ بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» غا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

△2008 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇربان ھېيتى. قۇربان ھېيت كۈنى كەچتە فاكۇلتېتىمىز بىلەن تەييارلىق مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ئاسپىرانتلار پائالىيەت مەركىزىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ پائالىيەت ئوقۇغۇچىلارغا شىنجاڭدا تۇرۇپ بايرام ئۆتكۈزگەندەك تۇيغۇ بېغىشلىدى.

△2008 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرى مەكتىپىمىز يىغۇ تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئارقان تارتىش، تەپكۈچ تېپىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ «مۇنەۋۋەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

△2008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەكتىپىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن «پايتەخت ئوقۇغۇچىلىرى ۋالىبول مۇسابىقىسى» دە فاكۇلتېت ئوغۇللار ۋە قىزلار كوماندىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، بىرىنچى ۋە ئىككىنچىلىكنى قولغا كەلتۈردى. بۇ فاكۇلتېتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجە بولدى.

△2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشچىلىقىدا، «ئۇلۇغ شائىر تېيىپجان ئېلىيوف تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە ئانا تىل مەدھىيىسى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېتىمىزدىكى ھەر قايسى يىللىقلاردىن 14نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆزلىرى يېزىپ چىققان سەر خىل

ئەسەرلىرى بىلەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ۋە نۇتۇق جەھەتتىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. ئاخىرىدا ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپكە بولغان قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

△2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەدەنىيەت بىناسى شەرقىي 0101 ـ سىنىپتا، تۈركىيە يىلدىز پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى مەھمەد ئۆلمەز ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش توغرىسىدا» توغرىسىدا سىستېمىلىق لېكسىيە سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى قېتىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى توغرىسىدا فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلمىي دوكلات بەردى.

△2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بىرى بولغان «نەۋرۇز بايرىمى» نى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەت مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىدىن بىرى بولغان «ساما» بىلەن باشلاندى ھەمدە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار «ئابدۇرەشىد ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئارقىدىنلا ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسى، پۇتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. كەچتە مەكتەپ چوڭ زالىدا چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئەنئەنىۋىلىك ۋە زامانىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن مول سەنئەت نومۇرلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ۋە تەييارلىق بۆلۈم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى شۇنداقلا ھەر ساھە زاتلارنىڭ يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە، بۇ پائالىيەت ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

△2009 ـ يىلى4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتوتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىدا، فاكۇلتېتىمىز يۇقىرى نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.



△2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز مۇستەقىل ھالدا «ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى» بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا فاكۇلتېت مۇدىرى لىتىپ توختى فاكۇلتېتىمىزنىڭ تارىخى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، ئەۋزەللىكلىرى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ ئۆتتى. يىغىنغا پايتەختتىكى ھەر قايسى ئورگانلاردىن ۋەكىللەر قاتناشتى.

△2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز 2005 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى «ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تاللانمىلار» تېمىسىدا بىر قېتىملىق جانلىق پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۆز تالانتلىرىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىي پارچىلارنى جانلىقلاشتۇرۇپ چىقتى ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۆز قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى.

△2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «6 ـ نۆۋەتلىك خەنزۇتىلدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى » ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىگە جەمئىي 12 نەپەر ماھىر قاتناشقان بولۇپ مەۋلان قاتارلىق ساۋاقداشلار نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. مۇسابىقە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

△2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز 2005 ـ يىللىق سىنىپ كوللېكتىپى باش بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان «تۇنجى نۆۋەتلىك تۈرك تىلدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى» مەدەنىيەت بىناسىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ھەر قايسى سىنىپلاردىن تاللانغان 13نەپەر ماھىر قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ماھارىتىنى نامايەن قىلدى. تۈرك تىلدا كامالەتكە يەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەستايىدىل باھالاپ چىقىشى نەتىجىسىدە، ئەڭ ياخشى تەلەپپۇز مۇكاپاتى قاتارلىق مۇكاپات تۈرلىرى بويىچە ماھىرلارنى تارتۇقلىدى. مۇسابىقە ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرك تىلى ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىلدى.

△ 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەدەنىيەت بىناسى ئاسپىرانتلار پائالىيەت مەركىزىدە بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان 2004 ـ يىللىقنى ئۇزىتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كېچىلىككە فاكۇلتېتىمىز رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. كېچىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل، قوشاق ئېيتىش، ئەقلى ئويۇنلار، دىكلاماتسىيە قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا ئامەت تىلەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

خەۋەرلەرنى توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى
گۈلنار مجت

# 心声

（内刊）

## 目录

### 灿烂的历程

在我系成立五周年庆祝大会上的讲话…………….力提甫·托乎提 1

伟大的学者麻赫穆德·喀什噶里诞辰 1000 周年…….艾尔肯·阿热孜 7

### 辛勤的园丁

硕果累累的导师阿布都鲁甫·普拉提塔拉玛干尼简介.....美合日阿依 13

### 论文集粹

论图尤克............................................. 努润古丽·马木提 20

浅谈著名诗人 T.Iliyof 诗歌中的爱国主义精神......米合热拉·台外库 24

### 努力与成果

当今大学生面临的一些问题……………………….迪丽阿热木·外力 26

走进古城-喀什………………………………热比古丽·阿吉买买提 29

### 故事天地

政

府……麦尔艳木·苏力堂 31
离别……肖克热提·阿不拉 33
我们院里的桑树……图地古丽·热依木 45
父与子……玛依热木·吐尔逊 19
亚洲之旅……阿不拉江 48

## 散文园地

学习是成功之源……阿不都鲁甫．普拉提 50
母语……阿依努尔克孜 52

## 诗歌之园

离别之痛……

阿卜杜米吉提·杰力力 53
悲惨……………………………………………………阿衣努热·牙生 23
快乐之逝………………………………………………米娜瓦尔·艾合买提 54
维吾尔的缺陷…………………………………………吾买尔江·斯马依力 55
诗与诗人……………………………………………库尔班·瓦哈甫 56
致我的良心……………………………………………托合提·努尔 53

## 茶吧

心腹之言……………………………………………吾买尔江，古丽娜尔 58

## 译丛

自信的价值……………………………………………古丽加乃提·亚森译 76

巴尔斯·曼楚的答案……托合提古丽译 77

完美的爱……艾拉努尔译 78

《苏菲安拉亚尔》之选三篇……乃比江·图尔迪译注 80

初恋……阿不都米吉提·阿不都拉译 57

## 新闻之窗

年度简讯……吾买尔江，古丽娜尔 83

# 心声

（内刊）

顾问： 力提甫 ． 托乎提
艾尔肯 ． 阿不杜拉

指导老师： 阿不都鲁甫 ． 普拉提
依马木 ． 毛拉洪

主编： 肖克热提 ． 阿不拉
吾买尔江 ． 斯马依力

编委成员：肖克热提，吾买尔江
艾拉努尔，迪丽阿热木
阿依努尔克孜，古丽娜尔
库尔班江，米合热拉

电子排版和封面设计：肖克热提 ． 阿不拉

5~4 سادا
سان

中央民族大学维吾尔语言文学系

《心声》杂志编辑部